

# قەشقەر ئەدەبىياتى

5

مۇقاۋىنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت لايىھىلىگەن

1 - بەتتىكى سۈرەتنى جۆرى قادىر تارتقان

**تۇرپاندا ئېچىلغان شېئىرىيەت يىغىنىدا ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرى ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرماقتا.**

(سۈرەتنى: ئەرشىدىن توختى تارتقان)





**«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىر خادىملار ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.**

(سۈرەتنى: جۆرى قادىر تارتقان)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1985 - يىل 5 - سان

**14 - يىل نەشرى**

(ئومۇمىي 66 - سان)

Altunoq

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر


گۈلجامال ...... (پوۋېست) ...... ھاجى ئەخمەت 5
ئالىجاناپ كىشى ...... ئابلىمىت ھاجى 18
گۈلسۈمنىڭ ئېرى نەگە كەتتى؟ ...... مۇھەممەت ئىمىن 44
مودەنخان ...... گۈلجامال داۋۇت 59
تېيانشان ...... ئابلىمىت باتۇر 67
مەردان ۋە چولپان ...... ئىمىر مۇھەممەت 70
يول ...... پاك يۈگلىك 75
تاتارغان چىراي ...... ھەمدۇللا ئوبۇل 89
يالغۇز قەۋرە ...... ئوسمانجان ئىمياز 91
«گۈلشاتىمىكىنى دەپتىمەن» ...... ئەمەتجان ئىسمايىل 93


## شېئىرلار


شېئىرلار ...... تۇرسۇن ھامىت 30
ئوخشارمۇ؟ ...... مەججۇرى 34
ئۆزگىچە ...... مەھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى 35
غەزەللەر ...... ئەزىم ناسىر 36
قەلب سوۋغىسى ...... ھوشۇر ئىبراھىم 38
مۇھەببەت لىرىكىلىرى ...... ئابدىشكۈر مۇھەممەت ئىمىن 39
مەرتلىك سىمۋولى ...... خېۋىر تومۇر 42
ئاپتاپ ئاستىدىكى خورەك ئاۋازى ...... مىن چىلىك 73
غەزەللەر ...... جېلىلى 77
شېئىرلار ...... مەتتىمىن زىبىبۇللا 79
بىر مەسكە نەسىھەت ...... ئابدىرېھىم توختى 80
شېئىرلار ...... غوجى ئەخمەت، باتۇر روزى، ئىمياز
...... قېيىيۇم، ئابلىز ھەلىمىدىن، ئابدۇللا
...... زۇنۇن، مۇقەددىر ساھىت، ئابلىمىت
...... قۇربان، ئابلىز قادىر، ئابلەت ھەسەن ...


## ئەدەبىي ماقالىلار


ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى ......
...... ئېزىز خۇدابەردى 1
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق كوز قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ... مۇختار ئىبراھىم (بورگۇت) 94


## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


پەرھات — شىرىن ...... (قىسسە) ...... ئومەر باقى يەركەندى 114


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


دۆمىنىڭ ئوزگىرىشى ...... (چۆچەك) ...... ئوسكار ۋايلدى 122


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


پېخىل ...... (چۆچەك) ...... 125


( بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئەبەيدۇللا مەھەممەت، جۇمە ئابدۇللا - لار ئىشلىگەن )

# ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە چوڭ غەيرەتكە كېلىپ، چوڭ ئىتتىپاقلىشىپ، چوڭ گۈللىنىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى

**ئېزىز خۇداۋەردى**

( ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى )

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، مەملىكەت بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى پۈتۈن زېھنى كۈچىنى توپلاپ، جان - دىل بىلەن 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا، دۆلەتنى چاپسانراق گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى تېزرەك بېيىتىشقا يېتەكلىدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تىنچ، ئىتتىپاق بولۇش، جانلىق، تېتىك بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە چوڭ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. جۈملىدىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ كىشىلەرنى خۇشال قىلارلىق گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، بەدىئىلىكى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزغا يېڭىدىن يەنە زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك، ئىجتىھاتلىق ياش ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ، رەڭدار، كۆركەم گۈزەل غۇنچىلارنى ئېچىلدۇردى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىمىزگە مەردانە قەدەم تاشلاپ چىققان يېڭى بىر ئەۋلات كىشىلەردىن ئىبارەت. نۆۋەتتىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز كىشىلەرگە جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكىنى چوڭقۇر بىلىشكە ياردەم بېرىپ، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ گۈزەل، رەڭدار مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا غايەت زور رول ئويىنىماقتا.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى

AltunOq

قولغا كەلتۈرۈش — دەل مۇشۇ تۆپ ۋەزىپىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدۇر. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا دۆلەتنىڭ گۈللەپ — ياشناپ قۇدرەت تېپىشىغا، خەلقنىڭ پاراۋان، بەخت — سائادەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان — بولمىغانلىقىنى بارلىق خىزمەتلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىمىز. ئەدەبىيات — سەنئەت — دەۋر روھىنىڭ ئىپادىسى، دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچ. سوتسىيالىزىمنىڭ تۆپ ۋەزىپىسى — پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۆپ ۋەزىپىسى. بۇ تەبىئىيكى ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىمىزنىڭمۇ تۆپ ۋەزىپىسى.

ئەدەبىيات — سەنئەتچىلىرىمىز پارتىيە ۋە خەلق بىلەن قەلبداش. يېڭى تارىخى دەۋردە ئەدەبىيات — سەنئەتچىلىرىمىز تىرىشچانلىق بىلەن قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ ئۇلۇق دەۋرىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆز ئەمگىكىنى، كۈرىشىنى، غايە ۋە ئىنتىلىشىنى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك تەجرىبىلىرىنى، شات-خۇراملىقىنى، ئازاپ — ئوقۇبەتلىرىنى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى قايىنام — تاشقىنلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. باتۇرانە ھالدا يېڭىلىق يارىتىدىغان، پائال تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان يېڭى ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىپ، پاسسىپ — چىرىك ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قامچىلاپ، خەلقنى كوممۇنىستىك ئۇلۇغ غايە بىلەن تەربىيىلەشى لازىم. بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئىتىمىزنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى. بىز 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا پايدىلىق بولغان، جۈملىدىن ئەمگەكچىلەرنىڭ جىددىي خىزمەتتىن كېيىنكى كۆڭۈل ئېچىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەسەرلەرگىمۇ مۇھتاجمىز.

پارتىيىمىز ئەدەبىيات — سەنئەت خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىگە بىر يۈرۈش ئارمىيە سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ساھەسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئاپتونوم رايونىمىز، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلدى.

لېكىن، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ بۇ نەتىجىلىرىمىز ئۇلۇغ تارىخى خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنىلا كۆپ ئەمەس. بىزنىڭ ھازىر ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىمىز يالغۇز ئادەتتىكىچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نادىر ئەسەرلەر ئەمەس، بەلكى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان گىگانت ئەسەرلەر، دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولغان سەنئەت دۇردانىلىرى، مىللىتىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەشھۇر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن ھۆسن تالىشالايدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلاردۇر. شۇڭا بىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەتچىلىرىمىز نۆۋەتتە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ۋەزىپىسى قىلىشى ۋە ئۇنى ئوچۇق چۈشىنىۋېلىشى كېرەك:

1. يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى: بىز ھازىر "يېڭىلىق يارىتىش" دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، سوتسىيالىزىم ئىشلىرىمىزدا يېڭىلىق يارىتىلىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈمىمىزدە يېڭى-

لىق يارىتىلىۋاتىدۇ. خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا يېڭىلىق يارىتىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز بۇلارنى دەل ۋاقتىدا، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن سېزىپ ۋە كۆرۈپ كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم.

دەۋرىمىزنىڭ روھى ئالدى بىلەن ئىسلاھات روھى، يېڭىلىق يارىتىش ۋە يول ئېچىش روھىدۇر. شۇنداقلا يەنە بىر خىل ئېچىۋېتىش ۋە ئىزلىنىش روھىدۇر. پەقەت زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىغا پايدىلىقلا بولىدىكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدىكەن بىز تۇراقلىشىپ قالغان ئۆلۈك رامكىلار بىلەن ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئەدەبىي ئىجادىيەت - بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك، بۇ خىل ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى يازغۇچىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر يازغۇچى ئىجادىي كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۇ، تۇرمۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ۋە ئالاھىدە كۆز قاراشقا ئىگە بولۇشى، ھەمدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا ئىجادىيەت - ئەركىن بولۇشى شەرت. يازغۇچى ئۆز ھېسسى ئارقىلىق پىكىر قىلىشى، تېما، باش تېما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى، قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرىنى ئىپادىلەشتە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ۋە تەربىيىۋى رول ئوينىيالايدىغان ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدۇ. لېنىن: «سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ھەقىقىي ئەركىن ئەدەبىيات» دېگەن ئىدى. ھازىر پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز يازغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقتا. پارتىيە ۋە دۆلەت يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى زۆرۈر شەرت - سارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. زۆرۈر مۇھىت ۋە كەيپىيات ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يازغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتىنى ۋە پۈتكۈل ئىجادىيەت پائالىيىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت يارىتىپ بەرگەن بۇ خىل ئەركىنلىك ۋە مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دۆلەت ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى بىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنى ۋە فېئوداлизمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىگە قارشى تۇرۇشنى بىلىشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئەركىن ئىجادىيەت مەنزىلىگە ھەقىقىي تۈردە قەدەم قويغىلى بولىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز بۇ خىل ئەركىنلىكنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت رولىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ھەر خىل زۆرۈر ماددىي شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

تۇرمۇش - ئىجادىيەتنىڭ بىردىن - بىر مەنبەسى. يېڭى تارىخىي دەۋردە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى شەيئىلەر، يېڭى شەخسلەر، يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كېلىپ، بىزنىڭ تونۇشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز چوقۇم تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېزىلارغا، كارخانىلارغا، سېخلارغا، ئىشچىلار، دېخانلار، زىيالىيلار تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان خىزمەت ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ ۋە ئۇلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىشى لازىم. ئەـ

دەبىيات – سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە كەڭ بىلىمگە ئىگە بولۇش لازىم. شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە قەدىمقى ۋە ھازىرقى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات – سەنئەت جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىشىمىز زۆرۈر. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قىلالىساق ئەدەبىيات – سەنئىتىمىز چوقۇم كەڭ بىلىم تۇپرىقىدا گۈللەپ – ياشنىيالايدۇ.

2 . باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇزاكىرە مەسىلىسى: «ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر» دېيىلگىنىگە ئوخشاش «سەنئەت ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر» دېگەن روھنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. سەنئەت ئالدىدا ھەرقانداق بىر ئەسەر، ھەرقانداق بىر نەزەرىيە، مەيلى ئۇ قانداق بىر ئادەمگە تەئەللۇق بولمىسۇن ئوخشاشلا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن، ئاممىنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى لازىم. تارىخ – ئەدەبىيات – سەنئەتنى ئۆلچەيدىغان شەكىلسىز تورۇزا رەھىمسىزدۇر. چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مەڭگۈ كۈچ ۋە چۇقان ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ساختىلىق، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكنى قالپاق تاقاپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات – سەنئەتتە مۇزاكىرە، تەنقىد قىلىش چوقۇم باراۋەرلىك، دېموكراتىك، ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇزاكىرىنى بىكار قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ.

3 . ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى. ئىتتىپاقلىق كۈچ ۋە گۈللىنىشنىڭ كاپالىتى. بىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت قوشۇنىمىز بىر ياخشى قوشۇن. ئۇلار ئىتتىپاق ۋە مېھرىۋان. بىراق بەزى يولداشلىرىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرىنى ئويلىساق ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش زامانىمىزنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە دەۋرىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك يۈزلىنىشىدۇر. تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىڭ ئالدىنقى سىياسىي شەرتىدۇر. ئىتتىپاق بولمايدىكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بارلىق ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىمىزدىن نۆۋەتتە تېخىمۇ چوڭ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە لايىق، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا چوڭ گۈللىنىش، چوڭ بۆسۈش بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن زامانىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ تىپىك، شانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋاقتى كەلدى، تېخىمۇ قاتتىقراق بولايلى، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانراق، تېخىمۇ تەلەپچانراق بولايلى! ياخشىراق، تېخىمۇ ياخشىراق ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرايلى! ئەڭ ياخشى ھېكايىلەرنى، شېئىرلارنى، درامىلارنى، نەسىرلەرنى، پېلىيەتونلارنى ۋە ئوبزورلارنى يارىتايلى! بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ، شانلىق دەۋرىمىزنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويمايلى!

پارتىيە ۋە خەلق ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغان، ئەدەبىيات – سەنئەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، گۈللىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا پىشقەدەم يازغۇچىلار، ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچىلار بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، يەكدىللىق بىلەن قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن باتۇرانە ئالغا باسايلى.




( پوۋېست )

### ھاجى ئەخمەت

بىپايان دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى قۇم ئۈستىگە چۈشكەن ئاياق ئىزلىرىنى شوخ دولقۇنلار يۇيۇپ كەتكەندەك، تۇرمۇش دې-ڭىزىنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرى سان - سا-ناقسىز ئۆمۈر ئەستىلىكلىرىنى كىشىلەر قەل-بىدىن يۇيۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرىگە تەئەللۇق قىسمەن خاتى-رىلەر خۇددى تاش ئابىدىگە ئويۇلغان خەت ۋە نەقىشلەردەك مەڭگۈ ئۆچمەي، ئەستە ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئانىلىق مېھرىنىڭ مۇقەددەس كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ مۇڭلۇق ھېكايىنى بالىلىق چاغلىرىمدا ئانامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ گۆدەك ئەقلىمنى زىل-زىلىگە سالغان سېھىرلىك كۈچ بىلەن قەل-بىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ياشاپ كەلمەكتە.

## بىرىنچى باپ

### 1

باش باھارنىڭ جۇدۇنلۇق كېچىسى ئۆ-زاپ كېتىۋاتقان زىمىستان قىشىنىڭ قەھ-رىتان سوغىقىنى چىللاپ، ئەمدىلا ئويغۇ-نۇشقا باشلىغان كەڭ دالىنى تاڭ ئاتقىچە قار بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى. قىڭغىر - قىيشىق خارابە ئۆيلەر بىلەن ئەتراپتى-كى دەل - دەرەخلەر خۇددى ئاق كېپەنگە ئورالغان مۇردىلارغا ئوخشاپ قالغان بو-لۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان سوغۇق شىۋىرغان ئۆز قۇربانلىرىنىڭ ئې-چىنىشلىق قىسمىتىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك تىنىمسىز ۋىژىلداپ ھۇشقىرتاتتى.

شورتاڭ يەرگە چۈشكەن قار ئاستىدىن ئېرىپ، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يېزا

يولىدا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ مۇكچەيگەن گەۋدىسى بىلەن ئۆز بويىدىن ئۇزۇنراق بىر تاياققا ھاسا ئورنىدا تايىنىۋالغان بولۇپ، ھالسىزلىقتىن ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى ئارانلا يۆتكەپ يىقىلىپ - قوپۇپ، ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

يولۇچى زەي بېسىپ كەتكەن تاملىرى يىقىلايلا دەپ قالغان بىر كونا ئۆينىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختاپ، بىر پەس دىمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن، نالە قىلىۋاتقاندەك ئاۋاز بىلەن:

— ھەق دوس، ئاللالا! غېرىبنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ قەدىمى تەگمىگەي، خۇدا يولىدا بەرگەن سادىغالار زايا كەتمىگەي، ئامىن!... دېدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكىرىدىن ئاياق شەپىسى ئاڭلىنىپ، ئىشىكنىڭ ئۇلگۇچىگى غىچىرلاپ، بىر قانىتى قىيا ئېچىلدى. ئۇزاقتىن بىرى كېسەل تارتقان ئادەمدەك چىرايى ساغىرىپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئۆي ئىگىسى بوۋاي ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، بىر پارچە ناننى تىلەمچىگە ئۇزاتتى. لېكىن تىلەمچى ئۇنىڭ قولىدىن ناننى ئېلىشقا ئالدىرىمىدى. ئۆي ئىگىسىگە بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدىن:

— ھا... شىم... جۇ... ۋاز... چى (؟)
دەپ پىچىرلىغان بىر ئاۋاز چىقتى..

ھاشىمكام ئالدى تەرەپكە ئەپپىدە بىر قارىدىيۇ، ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۇستىۋىشى ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى بىلەن قاشكىرپىكلىرى قىرو باغلاپ كەتكەن بىر چالا مۇردا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇستىگە ئارتىۋالغان جۇلجۇل لاتىلار ئارىسىدىن تىلەمچى ئايالنىڭ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بولۇپ، قوۋۇزىغى سوييۇلغان ياغاچتەك يەڭ ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان قولى سوغۇقتىن كۆكىرىپ قارىيىپ كەتكەن ئىدى. پەقەت ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى چوڭقۇرلۇقتا بىر جۈپ كۆزىنىڭ پاقىراپ تۇرۇشى بىلەن نەپەس ئالغاندا يېرىم يۇمۇق لەۋلىرى ئارىسىدىن ھور چىقىپ تۇرۇشىلا ئۇنىڭ تىرىكچان ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. سوغاقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ھاشىمكامنىڭ تېنىگە تىترەك ئولتۇرۇپ؛ تىلەمچىگە نان تەڭلەپ تۇرغان قولى ئىختىيارسىز تۆۋەنگە سىرىلىپ چۈشتى. "يا خۇدا، نېمە كارامەت بۇ؟ كۆزۈمگە ئادەم سۈرەتلىك جىن كۆرۈنۈۋاتامدىغاندۇ؟ رەھمەتلىك ئايالىمنىڭ روھى مېنى يوقلاپ كەلدىمۇ - يا؟..." دېگەن بىر سۇئال ھاشىمكامنىڭ خىيالىدىن "لىپ" قىلىپ ئۆتتى. موماي رەھمەتتى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلۈشكە باشلىغان غازاڭ پەسلىدە، بىچارە بوۋاينى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئىدى. ھاشىمكام ئۇنى يەرلىگەندە قويۇپ، ھالىغا يارىشا نەزىرى - چىراق بېرىپ، مۇسىبەت قارىلىغىنى يەشكىچە سوغۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، مەرھۇمىنىڭ قەۋرىسىنى قاتۇرالمىغان ۋە زىدقا كېسەللى قوزغاش بىلەن ھالىدىن كېتىپ، بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى تۈزۈك بېشىغا بارالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى قەدىناس ئايالىنىڭ روھى ئىزلەپ كەلگەنمىدۇ بەلكىم!؟...

چۈشىدە قارا بېسىپ قالغان ئادەمدەك
قورقۇنچ ئىچىدە قالغان ھاشىمكام "سۇف»
"سۇف» دەپ ئىككى يېقىغا دەم سالدى ـ دە،
تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىكنىڭ
تاقىقىنى سالغاندىن كېيىن ، گويا ئارقى-
سىدىن بىرى قوغلاپ تۇتىۋالىدىغاندەك
ئەسكى كەشىنى تاراقلىتىپ يۈگۈرگەن پې-
تى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

2

يېزىنىڭ مەركىزى قىسمىغا جايلاشقان
ھەيۋەتلىك چوڭ قورودا كاتتا مەرىكە
ئۆتكۈزۈلۈۋەتكەن ئىدى . ئىچكىرىدىن ساز -
نىڭ خۇش مۇقامى ياڭراپ ، كەشەكلىرى-
گە نەقىش ئويۇلغان كەڭ دەرۋازىدىن
مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ -
چىقىپ تۇراتتى .

تىلەمچى ئايال دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ
توختاپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا خې-
لىغىچە جىم تۇرۇپ قالدى . ئاندىن كېيىن
تىترەك ئاۋازدا سازا قىلىپ :

— ھەق دوس ئەللەللا ! ... بۇۋى پاتى-
مەئەنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر غېرىپ بىچا-
رىگە سەدىقە بېرىڭلار ، ئى سېخى جەننەت-
تىلەر ! ... — دېدى .

ئىچكىرىدىن يۈندە قاچىسى كۆتەرگەن
خىزمەتكار سىيا قىدىكى بىر ئايال چىقىپ كەل-
دى - دە، تىلەمچىنىڭ قىيا پىتىنى كۆرگەن-
دىن كېيىن ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا كونى-
راپ كەتكەن ئۇزۇن نەچچىسىنىڭ يانچۇ-
غىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا
سۇندى .

" قېرىپ كېتىپتۇ بىچارە ! — دەپ ئويى-
لىدى تىلەمچى خىزمەتكار ئايالنىڭ چىرا-
يىدىن ئۆز ئىگە تونۇش بەلگۈلەرنى تەسلىكتە
ئىزدەپ تېپىپ،— مەن بەلكىم ئۇنىڭدىن

ئىلگىرى ھەم ئۇنچىلىك كۆتىرەلمىگەنكىن" ...

ئۇ ئارتۇقراق قېرىپ كەتكەن بولسام كې-
رەك ...»— ئۇ قولىغا ئالغان ناننى خالتى-
سىغا سېلىۋېتىپ ، خىزمەتكار ئايالدىن :
— بۇ ھەشەمەتلىك قورا كىمگە قارايـ-
دىكەن خېنىم ؟ — دەپ سورىدى .
— ئەمەت بىگىمگە .
— ھەمىسى بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ ، —
دېدى تىلەمچى ئوچۇق دەرۋازىنىڭ ئۇدۇ-
لىدا بىر قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزى-
رە ئۆي ۋە شىپاڭغا نەزەر سالغاندىن كې-
يىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك . خىز-
مەتكار ئايال تىلەمچىنىڭ يۇقارقى سۆ-
زىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇنى " ئەقلى-
دىن ئادىشىپ قالغان بولسا كېرەك " دەپ
ئويلاپ ، ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى .
تىلەمچى ئايال سوئال سوراشنى داۋام-
لاشتۇردى .
— بەگ غوجام ھۆل-يېغىنىڭنى قارىماي
مەرىكە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ؟—
— ھەئە ، ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىۋاتىدۇ.
— كېلىن ئاغىچام بەكمۇ چىرايلىق بول-
سا كېرەك! بەگزادىنىڭ مۇبارەك ئىسى-
لىرى كىم بولىدىكىن؟...

خىزمەتكار ئايال بۇ غەلىتە سوئالغا نېمە
جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلمەي، تەمـ-
تىرەپ قالدى . چۈنكى ئۇنىڭ خىزمىتى
ئالدىراش بولۇپ ، بۇ يەردە ئۇچىرىغانلا
كىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىدەك ۋاقتى
يوق ئىدى .
— بۇ يەردىن تېزراق كېتىشىڭنى ئې-
رىندىشىم—! دېدى ئۇ ئىسمىنى ئۇلۇغ ئىچىدە
ھويلىغا قارىۋېلىپ،— غوجاملار بۈگۈنكى-
دەك كۈندە ئىشىك ئالدىدا تىلەمچىلەر-
نىڭ كېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا بىرەر-
سىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغىدەك بولسا

كىز، دۈشكۈلەپ ھەيدىۋەتمىسۇن يەنە!...

خىزمەتكار ئايالنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا:

— ئايىمىچا، تالادا كىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇلا؟ — دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، چېھرىسى ئوچۇق، ئالىپتە كېيىنگەن بىر يىگىت ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان بولۇپ، ئويچان كۆزلىرى بىلەن چىرايىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئايىمخان ھودۇقۇپ قالدى — دە، ھۆرمەت بەلگۈسىنى ئىپادىلىگۈچى مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— كۆرمەملا غوجام، ماۋۇ مۇساپىر بىچارىنى! ھەي، خۇدايىم ئۆزى ياراتقان بىر مۆمىن بەندىسىنىمۇ مۇشۇ ھالەتكە سالغان بارمۇ؟ ئۇ سىلىنىڭ تويلىرى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈنىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۆز قوللىرىچە سەدىقە بېرىشلىرىنى سورايدۇ.

يىگىت ئۆزىگە تىكىلگەن پېتى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان تىلەمچى ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ قويۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن بىر دانە ئاق تەڭگىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازدى.

"ئاھ... مۇشۇمىدۇ؟ — دەيتتى تىلەمچى ئايال ئۆز ئىچىدە يۈرىكى ئېچىشىپ ۋە ئۇنىڭ ئانىلىق سەزگۈسى بۇ گۇمانى تۇيغۇنى تەستىقلايتتى، — مانا بۇ ئۇزۇن كىرپىك ۋە قويۇق قاشلار، يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ۋە قاڭشالىق بۇرۇن... دەل شۇنىڭ ئۆزى!... گۆدەكلىك چېغىدىكى مەسۇم چىرايى ھېلىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ..."

تىلەمچى ئايالنىڭ ۋاقىتسىز قورۇق بېسىپ، ھومىدەك قارىيىپ كەتكەن يۈزىنى بويلاپ كۆزىدىن ياش تامچىلىرى ئۈزۈلمەي ئېقىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يىگىتنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئىچى سىرىلىپ كەتتى.

— مۇزلاپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ، بىچارە! — دېدى ئۇ خىزمەتكار ئايالغا قاراپ، — قوسىقىمۇ ئاچ بولسا كېرەك، ھويلىغا ئەكىرىپ، يېگۈلۈك بىر نەرسە ئېلىپ بەرسىلە، ئىسسىنىۋالسۇن...

ئايىمخان تىلەمچى ئايالنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ، ئوتى توختىغان قازاننىڭ ئوچىقىدىن ئېلىنغان بىر نەچچە تال چۇچۇلە تۈتەپ تۇرغان يەرگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە پۇقراپ ھورى چىقىپ تۇرغان بىر قاچا ئاشنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازدى.

3.

بەگنىڭ قورۇسى كىشىگە سودا-سېتىق قىزىغان بازارنى ئەسلىتەتتى. ھەر قايسى مەھەللىنىڭ جامائەتلىرى، يۇرتمۇ-يۇرتتىن كېلىشكەن بايلار، ئاقساقاللار ۋە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى، مەپە ۋە خادىك ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ كېلىشكەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن خىزمەتكارلارنىڭمۇ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. ئونلىغان قوي-كالىنىڭ بېشى كېسىلىپ، بىر نەچچە ئورۇنغا داش قازانلار ئېسىلغان. يۈزلەپ لەگەن-قاچىلار قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، مېھمانلارغا ئاش تارتىلماقتا ئىدى.

تېشىغا قارا دۇخاۋا بىلەن تاشلانغان

تۆلكە تۇماق، ئۇچىسىغا تون كەيگەن، چاساقال، شاپ بۇرۇت، سىمىزلىكىدىن قوسىقى ئۆۋەنگە سىلىنىپ تۇرغان سالاپەتلىك بىر كىشى ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەر خىل ئىشلار بىلەن ئەتراپتا قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەرگە تەكەببۇرانە قىياپەتتە سوغ نەزەر تاشلاپ، ھۆكۈمران ئاۋاز بىلەن:

— ئايىغىڭلارنى چاققان قىلىپ، تىز-تىز قىمىرلاڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قازان بىشىغا يىقىنلاپ كەلگەچ، تىلەمچى ئايالغا كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە، تەلەتىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋاقىردى:

— ھوي، نان قېپى ھاڭۋاختىلار! بۇ پاسكىنا جۇلدۇر كىيىنى ئىچىشقا كىرگۈزۈشتىڭ بۇ يەرگە؟ ئۇنى دەرھال ھەيدەپ چىقىرىۋىتىش!...

تىلەمچى ئايال ھاڭۋاقىقان قىياپەتتە ھىلىقى ئادەمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن، بىردىنلا رەڭگى ئۆچۈپ، بىشىغا سوغاق سۇ قۇيۇۋىتىلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. قوللىرى دىردىلدەپ تىترەپ، ساپال قاچا ئاش بىلەن يەرگە چۈشۈپ چىقىلدى. لىكىن ئۇ ھىچ نەرسە بولمىغاندەك بىپەرۋا ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان سۆلەتلىك ئادەمنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى:

— خۇدانىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىغان مەندەك بىر بەختسىز بەندىنى دەرگاھىڭدىن قوغلىما، بەگىم!... خۇدا يولىدا بىرىۋاتقان نەزىرەڭدىن مەنمۇ ئۆز نەسىۋەمنى ئالاي...

بەگ غەزەپ بىلەن ۋاقىردى:

— يوقال، ھوي ئەبگا دەللە! ئىتلىرىمدەنىڭ ھەققىگە شىرىك بولماي، ئۆز نەسىۋەڭنى گورۇستاندىن تىپىۋال!

تىلەمچى ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ئاچا يىنىپ بىر ئوت چاقنىدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزە قۇللۇقۇڭنى تونۇمايۋاتامسەن، بەگىم؟ مۇنچىۋالا يۈزسىزلىك قىلمىغىن!...

بەزى بىر ھاجەتلەر ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقان مىھمانلار ۋە ئەتراپتىكى خىزمەتكارلار ئەمەتبەگ بىلەن تىلەمچى ئايال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ماجىراغا ئارىلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، ھاڭۋاقىقان ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. غەزىۋىنى باسالمىغان بەگ تىلەمچى ئايالنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— ئىبلىس تونىسۇنسەندەك خۇنۇك ئاۋاستىنى!... يوقال كۆزۈمدىن!

كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، تىلەمچى ئايال ھىچ قورقمىغاندەك سەۋدايىلارچە قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى.

— قېرىدىلىق يېتىپ، ئايىنىپ قالغان ئوخشايسەن، بەگىم. مىنى تونىيالمىغىنىڭنى قارا... قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك گۈزەل ياشلىقىمنى چەيلەپ، غازاڭ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەندىن كۆڭلەپ، ساۋۇتۇمنى قىيناپ ئۆلتۈرگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھىلىقى ۋاڭ لويىدىگە سولاپ بەرمەكچى بولغىنىڭدا قارشىلىق كۆرسەتسەم لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ، پىشانەمنى يىرىۋەتكىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ قارىغىنا، مەن كىمگە ئوخشايمەن؟...

تىلەمچى ئايال چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يىرتىق تۇماقنى بىشىدىن ئىلىۋەتكەن ئىدى، سول چىكىسىنى بويلاپ سوزۇلغان تاتۇقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ قالدى. ئەمەت بەگ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تىلەمچى

ئايالغا بىردەم چەكچىيىپ قاراپ تۇردى - دە، گويا بىرى تامىقىنى بوغۇۋالغاندەك:

— هوي، سەن؟... سەن؟... — دەپ خىرقىرىدى.

تىلەمچى ئايال دەسلەپتىكىدىنمۇ قاتتىقراق كۈلۈپ كەتتى:

— ئەمدى ئەمەسكە كەلدىمۇ بېگىم؟ ھە، مەن شۇ... سىنىڭ جېنىڭنى ئالغۇچى ئەزرائىلمەن!...

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزلىرىدەك قورقۇنچلۇق ھالەتتە پاقىراپ-يېنىپ، ئۆز رەقىبىگە خىرس قىلىۋاتقاندەك ئاستا - ئاستا ئەمەت بەگكە يېقىنلاشماقتا ئىدى. قورقۇشتىن يۈرىكى يېرىلغىدەك ھالغا يەتكەن بەگنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى يېقىن ئەتراپتىكىلەرگە ئارانلا ئاڭلاندى:

— كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار دەيمەن بۇ دەيۈزنى، هوي ئىتىنىڭ باللىرى!...

خىزمەتكار - مالايلار گويا ئەمدىلا هوشىغا كەلگەندەك پاتپاراق بولۇشۇپ، تىلەمچى ئايالغا تاشلاندى ۋە ئۇنى پۇتقوللىرىدىن سۆرىگەن پېتى سىرتقا ئېپچىقىپ تاشلىدى. بۇ ماجراغا گۇۋاھچى بولغان بىر قىسىم مېھمانلار ۋە ھويلىدىكى خىزمەتكارلار چىكە تومۇرلىرى تارتىشىپ، پۇشۇلداپ ئېغىر تىنىش بىلەن ئىچىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتقان خوجايىنىغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ يەتكەن ئىلىمخان بولسا ئاجىز كەۋدىسى بىلەن ھويلىدىكى پەشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، بەدىنى سوۋۇغان ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان ئىدى.

4

ئەمەتبەگ بىر چەتتىكى خاس هوجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى گىلەم ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ تۇتقاقلىغى قوزغالغان ئادەمدەك پۇتقوللىرىنىڭ پېيى تارتىشىپ، چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ ئىڭىرىدى. بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىنى ئۇ چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ياق، بۇ ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس! كۈتۈلمىگەن بۇ ماجرا ئېخى ھازىرلا، يەنە كېلىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، لېكىن ئېچىلىپ قالغىدەك بولسا، بەگنى خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىپ، رەسۋاسىنى چىقىرىدىغان بىر سىر يوشۇرۇنغان ئىدى. بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئېخى ھېچ گەپ ئەمەس، خەتەر قۇشى قارا سايىدەك باش ئۈستىدە ئايلانماقتا. ئۇنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق- ئۆزىنىڭ كۆيۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كىيىمىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرگەندەكلا بىر ئىش ئىدى.

ئەمەتبەگ بەدىنىنى بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. قان تولغان كۆزلىرى ئىگىز - پەسنى ئىلغا قىلالماي، يولدىكى كىشىلەرگە قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى. تىلەمچى ئايال بۇ يەردىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قارىسى كۆزدىن يوقىلاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان بەگ ياۋۇزلۇق بىلەن چىشلىرىنى غىچىرلاتتى. باغلاقتىن بوشۇنۇپ كېتىپ، ئىگىسىگە ئەگىشىپ چىققان بۆرى ئىت گويا ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك بىردەم قار ئۈستىدىكى ئاياق ئىزلىرىنى پۇراپ تۇردى - دە، ئاندىن كېيىن يىراقتا كۆرۈنـ

گەن ئادەم قارىسىنى نىشانلاپ ئوقتەك چېپىپ كەتتى...

بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بارىدىغان نىشانى بىلەن ھىساپلاشماي، ئايىغى تارتقان تەرەپكە كېتىپ بارغان تىلەمچى ئايال مېڭىشتىن توختاپ، بىر پەس دېمىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەۋرىستانلىققا قاراپ يۈرۈلگەن ئىدى، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچنى كۆرۈپ تۇرغان ئورنىدا ياغاچتەك قېتىپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغانغان ئۆز ھاياتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش سەزگۈسى قورقۇشتىن غالىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا دەھشەتلىك ھالدا چىقىراپ، قېچىشقا باشلىدى. قەۋرىستانلىق ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، يان تەرىپى چەكسىز كەلگەن ساسلىق ئىدى. دەرمانسىز ئاياقلار تەبىئى يوسۇندا پەسكە ـ ساسلىققا بۇرۇلدى.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا "قازىنىڭ ساسلىقى" دەپ ئاتالغان بۇ جاي ئەسلىدە مۇشۇ يۇرت تەۋەسىدىكى بىردىنبىر شال تېرىلىدىغان ۋەخپى يەر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى سان ـ ساناقسىز چوڭ ـ كىچىك بۇلاقلار مول سۇ مەنبەئىنى تەشكىل قىلغاچقا، ئۇزۇن يىللارغىچە تېرىلغان شالدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنغان. لېكىن نىمە سەۋەپتىندۇر كېيىنچە بۇ يەرلەر تېرىلماي تاشلىنىپ قېلىپ، ئاخىرى مۇشۇنداق ساسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. ياز كۈنلىرى بۇ يەردە پېزەك ۋە پاكار قومۇچلار ئۆسىدىغان بولغاچقا، بالىلار ئەتراپتا مال بېقىشاتتى. ھەر يىلى دېگىدەك نەپسىگە ئالدىنىپ، ساسلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ قالغان بىر قىسىم كالا ـ موزايلارنى يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن "كور بۇلاق" دەپ ئاتالغان يوشۇرۇن بۇلاقلار قارنىغا يۇتۇپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئۆز بالىلىرىنى بۇ يەردە چارۋا بېقىشتىن توسايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ھازىر ساسلىقنىڭ ئۈستى قار بېسىپ تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قارا كېگىز ياپقاندەك ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغان تېگى يوق ھاڭغا ئوخشاش خەتەرلىك ئېغىزلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بارا ـ بارا پاتقاقلىق باشلىنىپ، مېڭىش قىيىنلاشتى. شۇنداقتىمۇ تىلەمچى ئايال ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئارزۇسىدا ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەركەت قىلاتتى. بىر پۇتى تىزىغىچە پاتقاققا كىرىپ كەتكەن يەردە بۆرى ئىت ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە رەقىبىگە "ھاپ" دەپ ئېتىلىش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جۇلجۇل لاتىنى بىلىكىگىچە يىرتىپ چۇشۇرۇۋەتتى. ئىككىنچى قېتىم ئېتىلىش بىلەن ئۇنى پاتقاقتىن سۆرەپ چىقارغىچە مۆرىسىدىن بىر پارچە گۆشنى ئۈزۈۋالدى. تىلەمچى ئايال جان ئاچچىقىدا چىقىراپ ئورنىدىن تۇردى ـ يۇ، قار سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر چوڭقۇرلۇققا ئاياق بېسىش بىلەن تەڭ بېلىگىچە پاتقاققا چۆكۈپ كەتتى.

بۆرى ئىت بولسا ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، پاتقاق بارغانسېرى تويماس قارنىغا يۇتۇپ كېتىۋاتقان ئۆز قۇربانىنىڭ قىزىل قانغا بويالغان يالىڭاچ گەۋدىسىگە قاراپ، غەزەپ بىلەن ھاۋشىماقتا ئىدى.



AltunOq

# ئىككىنچى باپ

## 1

مېھمانلار كەچكە يېقىن تارقىدى. ئانىمىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدىغان سۈرەنشاۋقۇن ۋە باش تارتقىلى بولمايدىغان رەسمىيەتلەرنىڭ تولىمىغىدىن چارچاپ كەتكەن كىيو يىگىت - شىر ئىلى ھويلىدا قازان - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن خىزمەتكارلارنى يالداپ ئۆتۈپ، باققا كىردى - دە، قار ئۈستىدە زوڭزۇيۇپ ئولتۇردى. تەقدىر كىشىگە تولىمۇ قىزىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن ۋاقتى ئىككى ئايغا سوزۇلغان ئۇزاق سەپەرنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ سودا كارۋىنى بىلەن يول ئازاۋىنى تارتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئىشىكتىن كىرگىنىگە ئۈچ - تۆت كۈن بولماي تۇرۇپلا، مانا بۈگۈن ئۇنىڭ تويىنى قىلىشتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۆيلىنىش دېگەن نەرسە تېخى يىگىتنىڭ خىيالىغا كىرىپ - چىققانمۇ ئەمەس. ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇرسۇناينى ئۆزىگە لايىق تېپىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرگەن ئىدى. تۇرسۇناي شىر ئىلىنىڭ ئۆگەي ئانىسى نۇسرەتخېنىمنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۆزىمۇ بۇ ئەتراپتا تەڭدىشى تېپىلمايدىغان گۈزەل قىز. لېكىن ئۇ ئانىسىدىن يېتىم قالغان تۆت - بەش يېشىدىن بېرى ئاچىسى بىلەن بىللە ھۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچقا، شىر ئىلى بىلەن ئاكا-سىڭىلدەك بولۇپ قېلىشقان. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش يىگىتنىڭ نەزىرىدە قانداقتۇ نومۇسلۇق بىر ئىشتەك تۇيۇلاتتى.

بارغانسېرى باھاردەك گۈزەل ھۆسنىگە تولۇپ، سەھەردە ئېچىلغان گۈلدەك جۇلالىق رەڭ تۈزۈپ كېلىۋاتقان قىز كۆز پەسلى ئاخىرلىشاي دېگەندە خۇددى بەرگىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرماقتەك سولۇشۇشقا باشلىدى. پەقەت ئۆز ئىگىلا مەلۇملۇق بولغان ئالامقاندىقى دەرت - ئازاپ ئىچىدە تولا يىغلاپ يۈرگەنلىكتىن بولسا كېرەك، شەھلا كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. قىزدا پەيدا بولغان بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش شىر ئىلىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ تۇرسۇنايىنىڭ بارغانسېرى كىشىلەردىن چەتنەپ، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ قېچىپ يۈرۈشى يىگىتنى گۇمانغا سالاتتى. ئۇ بىر كۈنى باغ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، گۈلزارلىق ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان تۇرسۇنايىنى كۆرۈپ قالدى. قىز سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئېچىلىپ تۇرغان گۈلگە ئوخشايتتى. ئۇ خىيال قاينىمىغا شۇ قەدەر چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ئۆز يېنىغا بىرسىنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. شىر ئىلى شەپە چىقارماي قىزغا يېقىنلىشىپ، قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى.

—ۋىيەي!... كىم بۇ؟

تۇرسۇناي چۆچۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى:

— كۆزۈمنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز، قويىۋېتىڭ!...

— ئۇنداق ئاسان قۇتۇلىدىغان ئىش يوق، - دېدى شىر ئىلى ئاۋازىنى ئەتەي باشقىچە ئۆزگەرتىپ، - مېنىڭ كىملىكىمنى تاپالىسىڭىز، ئاندىن قويۇۋېتىمەن.

قىز نىڭ يۈرىكى ئۆزى بىلەن ئوينىشى-
ۋاتقان كىشىنىڭ كىملىگىنى قانداق ئۇسەز-
مىسۇن؟ ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن شىر-
ئەلىنىڭ قولىنى سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن،
گويا بىر گۇنالىق ئىش ئۈستىدە تۇتۇلۇپ
قالغان كىچىك بالىدەك ھودۇقۇش ئىچىدە:
— بۇ... سىلە... قارىكا! — دېدى.
شىر ئەلى بالىلىق چاغلىرىدا بىر نەچ-
چە يىل تۇرسۇناي بىلەن بىرگە ئۇنىڭ
ئاتىسى، مەشھۇر دىنىي ئۆلىما كىرىم قارى
ھاجىدىن ساۋاق ئالغان، يېقىملىق ئاۋازى
بىلەن خەتمە قۇرئان قىلالىغىدەك ھالغا
يەتكەنلىگى ئۈچۈن، تۇرسۇناي باشلىق
ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭ ساللىرى ئۇنى "قا-
رىكا" دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلىۋالغان ئى-
دى. شىر ئەلى:
— تاپتىڭىز! — دەپ، قولىنى قىز نىڭ
كۆزلىرىدىن بوشاتتى.
— ئۆز خىيالىم بىلەن ئولتۇرۇپ، سىلى-
نىڭ يېنىمغا كەلگەنلىكلىرىنىمۇ سەزمەي
قاپتىمەن، قارىكا، — دېدى قىز خۇددى
يىگىتتىن ئەپۇ سوراۋاتقاندەك ھوزۇر خا-
لىق بىلەن.
شىر ئەلى ئۇنىڭ سارغايغان چىرايى بى-
لەن مۇڭ يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر-
دەم سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:
— نىم بولدىڭىز، تۇرسۇناي؟ يېقىندىن
بېرى ھەممىزدىن چەتنەپ، يىغلاپ يۈر-
گەندەكلا قىلىسىزغۇ، ئۆيدىكىلەردىن بى-
رەرسى كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىمۇ-يا؟ —
دېدى ئاكىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن.
— يوقسۇ، قارىكا، ئۆزۈمچىلا شۇنداق...
دەپ قىز ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.
— چوڭلار ئارىسىدىكى ئىككىمىز نىڭ تو-
يى ئۈستىدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى
ئاڭلىمىغان بولسىڭىز شۇ ئېغىر كېلىۋاتامدۇ-
يا؟... ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولمىغان
بولسا، مەن سىزنى بۇ تەشۋىشتىن خالاس
قىلىشنىڭ چارىسىنى كۆرىمەن!...
قىز نىڭ سولغۇن يۈزىگە قىزىللىق يۈگ-
ۈرەپ، ئالۇچىدەك لەۋلىرىدە مۇڭلۇق تە-
بەسسۇم ئوينىپ كەتتى - دە، ياش ئەگىپ
تۇرغان خۇما كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ
ئەندىككەن ھالدا:
— ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇشىنى بەك-
مۇ ئارزۇ قىلاتتىم قارىكا، لېكىن خۇدا-
يىم ماڭا ئۇنداق بەختنى نېسىپ قىلماپ-
تىكەن، — دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ، يۈزىنى قو-
لى بىلەن توسقان ھالدا، يۈگۈرگەن پې-
تى باغدىن چىقىپ كەتتى. قانداقتۇ بىر
يېقىملىق ۋە شىرىن ھېسسىيات تەسىرىدىن يۈ-
رىكى "جىغ" قىلىپ قالغان شىر ئەلى نەچ-
چە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزى ئۈچۈن ئادەتتىكىچە
سىڭىل ئورنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ قىز-
غا نىسبەتەن كۆڭلىدە باشقىچە يېقىنلىق
تۇيغۇسى ئويغانغانلىقىنى سەزدى. لې-
كىن تۇرسۇنايىنىڭ ئىچكى دەرت - ھەسرە-
تى يىگىت ئۈچۈن شۇ پېتى يېشىلمىگەن سىر
بولۇپ قالدى.

## 2

شىر ئەلى بۇ ئائىلىدە ئۆزىنى خۇددى
يېتىم بالىدەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بوۋاق چې-
غىدىلا ئانا يۈزىنى كۆرەلمەي، بەكىنىڭ چوڭ
خوتۇنلىرى ئالدىدا ئۆگەيلىكنىڭ ئازاۋ-
نى تارتىپ چوڭ بولدى. ئۇنى ھېچكىم قۇ-
چىغىغا ئېلىپ ئەركىلەتمىدى، ھەتتا "بالام،
ئوغلۇم" دەپمۇ ئاتىمىدى. ئەمەلىيەتتە شىر-
ئەلىگە ئۆز ئوغلى ئورنىدا ئەمەس، خۇد-
دى يات كىشىگە ئوخشاش پەرۋاسىزلىق
بىلەن سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىلەر

ئارىسىدىلا "بىز نىڭ شىر ئېلى» دىگەنگەپ
تاسادىپى ئېيتىلىپ قالمىسا، ئادەتتىكى
چاغلاردا "هوي» "سەن» دىيىش بىلەنلا
چەكلىنەتتى. بىر ئىشتىن ئاچچىغى كېلىپ
قالغان ياكى دىلى زەهەر خوتۇنلارنىڭ
چېقىشتۇرۇشى بىلەن سەپرايى ئۆرلىگەندە
شىر ئېلىنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇپ، رەھىم-
سىزلەرچە دۇمبالايتتى. ئاندا - ساندا با-
لىنىڭ يۈزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ قالغىدەك
بولسا، بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ، "كۆزۈم-
دىن يوقال، هارامى!...» دەپ ۋاقىرايتتى.
بۇنداق چاغلاردا شىر ئېلى چوڭئانىسى بۇ-
ۋى پاتىمە خېنىمنىڭ قېشىغا قېچىپ كىرى-
ۋالاتتى. يېشى يۈزدىن هالقىغان بۇۋى پا-
تىمە خېنىمنى هەممە يىلەن "هاجى ئانا»
دەپ هۆرمەتلەيدىغان بولغاچقا، بالىنىڭ
نەزىرىدە بۇ هېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان
قۇدرەت ئىگىسى، ئۇنىڭ هوجرىسى بولسا،
پانالىنىشقا ئەڭ ئەپلىك ئورۇن هىساپلى-
ناتتى. تەلەتى سۈرلۈك، قاپىقىدىن قار
يېغىپ تۇرىدىغان ئەمەتبەگمۇ ئانىسىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە باشقىچە مۇلايىملىشىپ،
باش ئىگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ھەت-
تا بۇۋى پاتىمە خېنىم ئۇنىڭغا كايىپ ۋا-
قىرىغاندىمۇ بەگ "خوش-خوش» ئەيتىپ،
ئانىسىنىڭ يۈزىگە بېشىنى كۆتىرىپ قا-
راشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

پول ۋە تاملىرى كونا رەڭلىك خوتەن
گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەن خاس هوجرىدا
بېشىغا يۇمىلاق پەر ياستۇقنى جۈپلاپ قو-
يۇپ، قاتمۇ - قات كۆرپىلەر ئۈستىدە تۆ-
گۈلۈپ ياتقان بۇۋى پاتىمە خېنىم نەۋرى-
سىنىڭ يىغلاپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە:

— هوي نانىسا پىلار، مېنىڭ نەۋرەمگە
ئازار بەرگىنىنى قارىمامدىغان!...- دىيىش
ئارقىلىق كىملەرنىڭدۇر ئەيىپلەپ، شىر ئې-
لىنى يېنىغا چاقىرىۋالاتتى ۋە كۆڭلى قې-
چىپ، قورۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان بارما-
قلىرىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ، ئاپپاق شا-
يى ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى
سۈرتۈپ، بىر نەچچە ئېغىز يېقىملىق گەپ-
لەر بىلەن كۆڭلىنى بەزلەيتتى.
شۇنىڭ بىلەن شىر ئېلىنىڭ ئازار يېگەن
كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، بىردەم بولسىمۇ
تارتقان خاپىلىقى ئۇنتۇلاتتى. شۇڭلاشقى-
مۇ ئۇ بۇۋى پاتىمە خېنىمنى ئۆز ئىنىڭ بىر-
دىن - بىر مېھرىۋان شەپقەتچىسى دەپ
هىساپلايتتى.

يىللار ئەنە شۇ تەرىقىدە ئارقا - ئار-
قىدىن ئۆتۈپ، شىر ئېلى يىگىتلىك قورا-
مىغا يېتىپ قالدى. مۇرەككەپ تۇرمۇش
شارائىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئېغىر - بې-
سىقلىق، كەمسۆزلۈك، مۇلايىملىق ۋە چى-
دامىلىق بولۇشتەك ئادەتلەرنى سىڭدۈرگەن
بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇنى ئائىلى-
دىكى باشقا كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلەن-
دۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ بەگ قورا-
سىدىكى چاكار، چۆرىلەرنىڭ هەممىسى "غو-
جام» دەپ هۆرمەتلىك قىلىپ، كۆڭلىدىكى
دەرت - قايغۇسىنى، تەلەپ - ئىلتىماسلىرى-
نى تارتىنماستىن ئۇنىڭغا ئېيتىشاتتى.

شىر ئېلىنى سىرتتىن كۆزىتىپ، ئى-
گىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۆز يىگە ئەڭ
ئىشەنچلىك بىر يارەمچىنىڭ يېتىلىپ چى-
قىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەمەتبەگنىڭ ئۇ-
نىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش
بولدى. شىر ئېلىنى پات - پات
يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سودا - سې-
تىق ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىدىغان،
بەزىبىر هېساۋات ئىشلىرىنى تاپشۇرىدى-

غان بولۇپ قالدى.

تۇرسۇناي بىلەن باغدىكى ئۇچرۇشۇش-
تىن بىر ھەپتە كېيىن، ئەمەتبەگ شىر ئېپ-
لىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن "مۇ-
ھىم بىر ئىش" ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى ئى-
كەنلىكىنى بىلدۈردى. بۈگۈن بەگنىڭ كەي-
پىياتىدىن بىر خىل پەرىشانلىق ئىپادىلى-
نىپ تۇراتتى. شۇڭا گەپنى سوزاپ ئول-
تۇرمايلا، يېقىندىن بېرى سالامەتلىكى ياخ-
شى ئەمەسلىكىنى، سودا - سېتىق ئىشلى-
رىنىڭ دېگەندەك يۈرۈشۈپ كېتەلمەيۋات-
قانلىقىنى ئېيتىپ، ھال ئوقۇدى، ئاندىن
كېيىن شىر ئېپلىنىڭ سوداكارۋىنى بىلەن
يەكەن ۋە قاغىلىق تەرەپلەرگە بېرىپ،
ئۇ يەرلەردىكى "ئىت يىلىدىن ئىشەك يىلىغا
سوزۇلۇپ"، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان
ھېساۋات ئىشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل بىر
تەرەپ قىلىپ كېلىشىنىڭ زۆرۈر بولۇپ قال-
غانلىقىنى ئۇقتۇردى. شىر ئېپلى ئۆزىمۇ
ئائىلە مۇھىتىدا قاتتىق زېرىكىش ھېس
قىلىپ يۈرگەچكە، ئەمدى سەپەرگە چىقىدى-
غانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ئىدى.
شۇڭا ئويلىنىپ تۇرمايلا "ماقۇل" دەپ
رازىلىق بىلدۈردى. ئەمەتبەگ ئۆزى ئا-
رىلىشىپ، ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا بۇ قې-
تىمقى سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈردى.
شىر ئېپلى سوداكارۋىنى بىللە يۈ-
رۈپ كەتتى.

ئۇلار يۇرتتىن ئايرىلغىنىغا ئىككى ئاي
توشۇپ قالاي دېگەندە، قايتىپ كېلىشتى.
ئەمەتبەگمۇ، نۇسرەت خېنىممۇ شىر ئېپلى-
نىڭ ئالدىغا چىقىپ، باشقىچىلا يېقىنچىلىق
قىلىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى.
ئۆي ئىچىدىكى پاتىپاراق-
چىلىق شىر ئېپلىنى تېخىمۇ ھەيران
قالدۇردى. "سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۈرۈچ
دەم يەپ قاپتۇ" دېگەندەك، ئائىلىدىكىلەر
توي تەييارلىقىغا كىرىشكەن بولۇپ، پە-
قەت ئۇنىڭ كېلىشىگىلا قاراپ قالغان ئى-
دى. بەگ شىر ئېپلى سەپەرگە چىقىش ئال-
دىدا قانداق ئالدىراۋاتقان بولسا، ئۇ-
نىڭ توينى ئۆتكۈزۈشكىمۇ شۇنچە ئالدى-
رىتاتتى. ھەممە ئىش ھۆكۈمران ئائىلىنىڭ
خاھىشىچە بولدى. ئىككى ياش يۈز كۆرۈش-
كىچىمۇ بولماستىن تۇرۇپ، ئۇلارنى نى-
كاھدىن ئۆتكۈزۈشتى...

— بەللى، كېلىن بىچارە نەۋاقىتتىن بې-
رى ئورۇن ئىچىدە يىگىتنى كۈتۈپ ياتتى-
مۇ، بەگزادىنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كىرى-
ۋالغىنىنى قارىمامدىغان!... ھې... ھې...
ھې... — دېگەن سېغىزخاننىڭ شاراقلىغىنىغا
ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز ئۇنىڭ خى-
يالىنى بۆلىۋەتتى. شىر ئېپلى ئېغىر ئويقى-
دىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك، ئورنى-
دىن دەس تۇرۇپ كەتتى - دە، ئارقىسىغا
قاراپ، كېلىنگە يەڭگە بولۇپ تەيىن-
لەنگەن بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپ ھې-
جىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەڭگە
بولغۇچىنىڭ "كېلىن ئاغىچە" بىلەن ئۆزى-
نى ماختاپ، ئاغزى بېسىقماي ۋالاقلاشلى-
رىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا تاقىتى يەتمەستىن،
يانچۇقىدىن بىر دانە ئاق تەڭگىنى چىقى-
رىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپلا، توي ئۈ-
چۈن مەخسۇس راسلانغان ھوجرىغا كىرىپ
كەتتى.

3

ئازادە بېزەلگەن كىچىك ئۆي پەنەربى-
لەن يورۇتۇلغان بولۇپ، ئوچاقتا گۈرۈل-
دەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. بۇلۇڭغا راسلان-
غان ئورۇن ئىچىدە يەڭگىلەر تەرىپىدىن يېشىل-

دۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان قىز يەلكىلىرىنى تىترىتىپ، ئۈنسىز يىغلىماقتا ئىدى. سوغۇقتا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن مۇزلاپ كەتكەن شىرئېلى ئۆي ئىچىنىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىگىدىنمۇ ياكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ھاياجانلىنىش تەسىرىدىنمۇ، يۈزلىرىنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىغىنى سەزدى. ئورۇن ئىچىدىن گويا نالە قىلىۋاتقاندەك بوغۇق ئېسەدەش ئاڭلاندى. بىچارە قىز، نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نازۇك قەلبى كۆتۈلمىگەن تۇيىنى ئورۇنلاشتۇرغىچىلارنىڭ قوپاللىغىدىن ئازار يېگەندىمۇ ياكى ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئىچكى دەرت-ئازاپ يۈرىگىنى تىرىملاۋاتامدىغاندۇ؟...ئۇ ھازىر كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، دەرت-ئەلىمىگە ئورتاقلىشىدىغان بىر كىشىگە مۇھتاج. ئۇنىڭ سۇنۇق دىلى مېھرىۋانلىق ھەمۋاپادارلىققا مۇھتاج...

ئەنە شۇنداق خىياللار كۆڭلىدىن كەچكەن شىرئېلى كېيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ، ئورۇنغا كىردى. بىر قولى تۈيۈقسىز قىزنىڭ بەدىنىگە تېگىپ كېتىۋىدى، گويا كۆيۈۋاتقان ئوتنى تۇتۇپ سالغاندەك، يىگىتنىڭ بەدىنىگە بىر يېقىملىق ھارارەت تارقىلىپ، يۈرىگى ھاياجاندىن ئېچىشىپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايسىز تۇرسۇناي؟ — دېدى ئۇ ھودۇقۇش ئىچىدە قىزنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى سىلاپ، — ياكى مەن بىلەن توي قىلغىنىڭىزغا ھەسرەت چېكىۋاتامسىز؟

قىز شۇ گەپ بىلەنلا سەۋرى قاچىسى تېشىپ تۇرغان كىشىدەك ئۆزىنى بېسىۋالالماستىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. شىرئېلى ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇناتتى.

— ئاھ!...ئۆز ھالىمغا قويسىلا مېنى... قارىغا!... — دېدى قىز تىترەك ئاۋازدا، — بۇ... بۇ شەرمەندىلىگىم بىلەن قانداقمۇ يۈزلىرىگە قارىيالايمەن؟ بۇنداق ياشاشتىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى!...

قىزنىڭ يىغا-زارىسى شىرئېلىنىڭ يۈرىگىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن تۇرسۇنايىنى ئۆزىگە تارتىپ، مەھكەم قۇچاقلىۋالدى-دە، يۈز ۋە بويۇنلىرىدىن ئارىلاش سۆيۈپ كەتتى... ھېچ كۈتۈلمىگەندە كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان بىر ھادىسە يۈز بەردى: قىزنىڭ قوينىدا بىر نەرسە پىلتىڭلىغاندەك بولۇپ، سىزىلەرلىك ھالدا تەۋرىمەكتە ئىدى. شۇ پەيتكە ھېچقانداق ئورۇن يوق، بۇ راستىنلا ھامىلدارلىقنىڭ ئىپادىسى!

شىرئېلىنىڭ قىزنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرى بوشىشىپ، گويا بېشىغا ئۇرۇلغان زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئارقىغا داجىدى. تومۇزنىڭ تونۇر تەپتىگە ئوخشاش يالقۇنى كېلىپ ئۇرۇلغاندەك تەپسى سىقىلىپ، بېشىدا بىر نېمە غوڭۇلداشقا باشلىدى. ھەيرانلىق، غەزەپ، خورلۇق ۋە نەپرەتنىڭ قوشۇلىشىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ كاللىسىنى چىرمىۋېلىپ، يىگىتنى ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىغىنى سەزمىگەن ھالدا، ئورۇندىن چىقىپ كىيىندى ۋە مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئەتراپ جىمجىت، توي ئىشىنىڭ ئاۋارىچىلىقى بىلەن بەدىنىگە ھارغىنلىق يەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەكلا ئۇخلاپ كېتىشكەن. ئاسمان گۈمبىزى خۇددى كۆم-

AltunOq

تۆرۈپ قويۇلغان قارا قازانغا ئوخشاش باش ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. شىر ئېلى يۈرىگىنىڭ پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاھ، مۇشۇ پەيتتە ئۆز ئانىسى يېنىدا بولۇپ قالسىچۇ كاشكى!... بوۋاققا ئوخشاش ئۇنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ، بىر تويدەك بوزلاپ، ئەنچىگە توشۇپ كەتكەن دەرت - ئەلىمىنى بوشىتىۋالسا!...

خىيال قايناملىرىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، تاشفارقى ھويلىدىكى مال قوروسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان پاكار - پاكار قارا ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تېخى چىراق ئۆچمىگەن بولۇپ، ھويلىغا قارىتىپ ئېچىلغان روجەكتىن قارا چىراقنىڭ خۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. شىر ئېلى ئەشۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ئايال كىشىنىڭ:

— ئاللا ئىگەم، ياراتقان بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، بارلىق مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلغايسەن، شۇ بەندىلىرىڭ قاتارىدا بۈگۈن بىر تەكىيىگە باش قويغان ئىككى ياشنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقلىق سېلىپ، كۆڭۈل رىشتىنى ئۈزۈلمەس قىلغايسەن! — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز ھالدا يۈرۈشتىن توختاپ، يۈرىكى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك "شۇر" رىدە قىلىپ قالدى. ۋاھ، ئۆز دەردىنى تارتالمايۋاتقان بۇ بىچارىلەرنىڭ ئارىسىدا، بۈگۈن توي بولغان قىز - يىگىتنىڭ بەختىنى تىلەپ خۇداغا سېغىنىۋاتقان مېھرىۋان ئايال كىمدۇ؟!

"ئايىمخان ئاچام!" دەپ پىچىرلىدى شىر ئېلى ئانىسىغا تەلپۈنگەن بوتىدەك كۆڭلى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇن - تىنسىز ھالدا ئىشىكنى ئىچىگە قارىتىپ ئىتتەردى.

ئىتتىلىپ كەتكەن ئاق چەينىماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئايىمخان شىر ئېلىنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاپ قايتۇردى:

— ۋويەي، كەلسىلە، غوجام، كەلسىلە!... قانداق بولۇپ بۇ كېچىدە مەندەك بىر غېرىپ ئاجىزنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالغانلا؟!

ئۇ پايپېتەك بولغان ھالدا بۇلۇڭغا قاتلاپ قويۇلغان ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن يېڭىراق بىر كۆرپىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، مېھمانىنىڭ ئاستىغا سالدى.

— ئۆزەمچە... شۇندا قىلا بىر ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدىم... سىلىنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىردەم مۇڭدىشىپ چىقاي دەپ كىرىشىم ئىدى.

— رەھمەت، غوجام، رەھمەت! — دېدى ئايال كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا، — بۇ دەرگاھتا پەقەت ئۆزلىرىدىلا كۆڭلۈم سۇ ئىچىدۇ بالام، شۇڭا ھەر قېتىم ناماز ئوقۇغاندا سىلىگە بەخت تىلەپ دۇئا قىلىمەن.

يىگىتنىڭ لەۋىدە غەمكىن كۈلۈمسىرەش پەيدا بولۇپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— ياخشى كۆڭۈل، سەممىي تىلەكلىرى ئۈچۈن كۆپ رەخمەت، ئايىم ئاچا! ئەپسۇس

(ئاخىرى 29 - بەتتە)

# ئالجاناپ كىشى

(ھېكايە)

ئابلىمىت ھاجى

1

ئۆيگە كېلىۋاتىمەن ... گويا ئاسـ
ماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك
بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
روھىم سۇنۇپ، كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا
كېلىۋاتىمەن. داغۇ - ھەسرەتلەر ئىلكىدە
يۈرۈكۈم مۇجۇلۇپ، يىغلىۋەتكىشكە تاس -
تاس قېلىپ كېلىۋاتىمەن.

شۇ تاپتا خۇددى بىر ئەماغا ئوخشايمەن؛
كۆزۈم ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ. شەھەرنىڭ
كوچىلىرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئايىغى
ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان پىيادىلىق ۋە
ۋېلسىپىتلىك كىشىلەر، ماشىنا - تىراكتور-
لار، ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى ئارىسىدىن
قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيـ
مەن. چوڭقۇر بىر خىيال بىلەن بەندىمەن:
ھەي گۈلچېھرى، ھەي گۈلچېھرى، قېنى سېـ
نىڭ ئۇ كۆڭلۈڭگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ،
شېرىن ئۈمىت، بۈيۈك مەقسەتلىرىڭ؟ سەن
مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىللىق قوينىدا تۇغۇـ
لۇپ، ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس
ئېلىپ، شېرىن - شەربەت سۈيىنى ئىچىپ،
ئاش - نېنىنى يەپ چوڭ بولغان ئەمەسـ
مىدىڭ؟! كۆز گۆھىرىڭ مۇشۇ يەرنىڭ
ھۆسنىدىن رەڭ ئالغان،
يۈرۈكۈڭ مۇشۇ يەرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن
سۇغۇرۇلغان ئىدىغۇ؟! سەن بۇ يەردە ئون توقـ
قۇز ياشقا كىردىڭ، مۇشۇ ئون توققۇز يىل
ئىچىدە، بۇ شەھەرنىڭ سېنىڭ ئايىغىڭنىڭ
ئىزى چۈشمىگەن قايسى كوچا - مەھەللىـ
رى، باغۇ - بوستانلىرى، دەريا ۋادىلىرى
قالغان ئىدى؟! ھەي گۈلچېھرى، ھەي گۈلـ
چېھرى، ئەمدى سەن تۈگەشتىڭ، تىرەـ
پىرەك بولغان غايىلىرىڭنىڭ ئارزۇسىنى
يەپ، ئاھۇ - پىغانلار بىلەن ئۆتكىنىڭ
ئۆتكەن...

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋاـ
زى خىياللىرىمنى بۆلىۋەتتى، قارىسام تۆت
يول ئېغىزىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئەنە بىر
ئايال ساقچى قاتناش باشقۇرۇش پوتىيىـ
دە چەبدەست ئولتۇراتتى. مەن ۋېلسىپىتـ
تىن چۈشتۈم - دە، يېشىل چىراقنىڭ يېنىـ
شىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

2

ئۆيگە كىرگىنىمدە ئانام يوق ئىدى،
دادام دېۋاندا ئولتۇرۇپ، كۆزەينىكىنى تاـ
قىغان ھالدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ مېنى
كۆرۈپ:

- ھە، كەلدىڭمۇ قىزىم؟ - دېدى.

مەن جاۋاپ ئورنىدا پاڭگىدا يىغلىۋەتـ

تىم. ئېھتىمال، ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك ئاسان يىغلىمىغان بولغىدىم؟! مەن شۇنچىلىك ھەسرەتلىك يىغلىدىمكى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي دەپ ھەر قانچە قىلساممۇ، ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان بىر يىغا بارغانسېرى ئەۋجىدەپ، كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تامچىلىرى قۇيۇلاتتى. دادام بولسا مېنىڭ يىغامنى پەسەنت قىلماستىن خاتىرجەم ھالدا كىتاپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. بۇ ھالغا ئەلەم قىلىپ، تېخىمۇ ھەسرەت بىلەن ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدىم. قانچىلىك يىغلىدىمكىن، بىر چاغدا ئۆپكەمنى بېسىپ، يىغامنى توختىتىپ، كۆز-ياشلىرىمنى ئېرتىپ ئولتۇرسام، دادام كىتابىنى يېپىپ قويۇپ، كۆزەينىكىنى ئالدىرىماستىن ئېلىۋېتىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— يىغلاپ بولدۇڭمۇ، ياكى يەنە يىغلامسەن؟ — دېدى.

بۇ گەپ خۇددى ئېچىشىۋاتقان يارىمىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپسە، تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇپ ئازاپلىغاندەك، مېنىڭ مەيۈس كۆڭلۈمنى تېخىمۇ مەيۈسلەندۈرۈپ سۇندۇرۇۋەتتى-دە، يەنە يىغلىۋەتتىم.

— مەن سېنى قالتىس قەيسەر، ئىرادىلىك، ئېقىللىق دەپ ھېساپلايتتىم.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغان گەپلىرىڭىزنى چاقچاق قىمىكىن، دەپ قاراپ كەپتىكەنمەن، — دەپ جاۋاپ قىلدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە مېنىڭ مۇھىم، چوڭ ئىشلاردا چاقچاق قىلغىنىمنى كۆرگىنىڭ ياكى ئاڭلىغىنىڭ بارمۇ؟

— بۇ قېتىمقى ئىشتا سىزنى چوقۇم چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— مەن ساڭا ھېمىشە: ئىشنى ئاسان مۆلچەرلىگەندىن قېيىن مۆلچەرلىگەن، بەخت — سائادەتنى خىيال ئىلكىدە ئىزلىگەندىن جاپا — مۇشەققەت ئىچىدىن ئىزلىگەن ياخشى، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەر كۆپىنچە غەلىبە ئېپتىخارلىغى بىلەن ياشايدۇ. ئاسانلىقچە مۇدۇرۇپ كەتمەيدۇ، دەيتتىمغۇ؟!

— شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز قىزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشقا مۇنداق قاتتىق قوللۇق ۋە يېنىكلىك قىلىشىڭىز بولامدۇ؟

دادام يېنىك كۈلدى ۋە:

— سەن ئىستىقبالنى قانداق چۈشىنىسەن؟ — دەپ سوئال قويدى.

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇنازىرە خاراكتېرلىك سۆھبەت ھاياتىمىزدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. چۈنكى، بۇندىن بۇرۇن دادام پات-پات مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكايە — مەسەللەرنى ئېيتىپ بېرىپ، بىر نەچچە ئېغىز مەنالىق، ھېكمەتلىك گەپلەرنى قىلىپ، ئالغا بېسىشىمغا ئىلھام بېرەتتى. مەنمۇ دادامنىڭ سۆزىنى قەدىرلەپ بىلىپ، قۇلىقىمدا چىڭ تۇتاتتىم. توغرا تۇرمۇش يولى بىلەن بىر ياخشى كىشى بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. شۇڭا ھازىر دادامغا دېگەن گېپىمنى ئويلاپ كاتتىۋاللىق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم-دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، يىغامنى توختىتىپ زۇۋان سۈرمىدىم. دادام ماڭا ئاجايىپ چوڭقۇر تىكىلگىنىچە سالماق، لېكىن كەسكىن مۇنداق دېدى:

— سەن مېنى قاتتىق قوللۇق ۋە يېنىكلىك قىلدى، دەپ قاراۋاتامسەن؟ ھەرقان—

داق بىر ئاتا — ئانا ئۆز پەرزەندىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرماي قالمايدۇ. چۈنكى پەرزەنت ئاتا — ئانىنىڭ جىگەر پارىسى — دە؟! لېكىن، ئىستىقبال ئۆزلىگىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ — تىرىشىشقا، ھايات يولىدىكى ھەر خىل توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا، جاپا — مۇشەققەتلەر ئوچىقىدا تاۋلىنىپ ئىرادە تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. قىزىم، مەن سېنىڭ بەختلىك كەلگۈسىڭ، ئىستىقبالىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمەن. بۇ مەجبۇرىيەت ۋىجدانىمنىڭ بۇيرىقى. سەن شۇنداق قىلىشقا مۇھتاجسەن. بۇ مۇھتاجلىق — كەلگۈسىدىكى سائادىتىڭنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ماڭا ئوخشاشلا سېنىڭمۇ ۋىجدانىڭنىڭ بۇيرىقى بولۇشى كېرەك. قىزىم گۈلچېھرە، داداڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ زىيان تارتمايسەن. قارا، ۋىجدان بولسا ھەممە بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋىجدانغا باغلىق. ئەمدى مۇھتاجلىققا كەلسەك — ئۇمۇ ئىنتىلدۈرگۈچى بىر خىل كۈچ، ئىنتىلىشنىڭ ئارقىسىدا زەپەر، پاراغەت، شاتلىق ياتىدۇ...

دادام ھاسىراپ — ھەمدىگىنىچە تاتىرىپ — ساغىرىپ تۇرۇپ قالدى. قارىسام قولى بىلەن كۆكسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇ بىر ئاز خاپا بولۇپ ياكى ھاياجانلىنىپ قالسىلا، يۈرەك سانجىقى قوزغۇلۇپ قالاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. مەن ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم ۋە ئىتتىكلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شكاپتىن دورا ئېلىپ بىر پىيالە چاي بىلەن ئالدىغا قويدۇم.

— دادا، دورا ئىچىۋېلىڭ!

دادام ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى ۋە:

— رەھمەت قىزىم، رەھمەت!... — دېدى.

3

ياتىدىغان ئۆيۈمگە چىقىپ، كاروۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ قايتا يىغلاشقا باشلىغان ئىدىم. مۈرەمگە تەككەن قولدىن چۆچۈپ، بېشىمنى كۆتىرىپ ئانامنى كۆردۈم.

— ئانا، دادام...

— يىغلىما قىزىم، يىغلىما، — دېدى ئانام قولىدىكى ياغلىق بىلەن يېشىمنى ئېتىپ تۇرۇپ، — داداڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەنغۇ، ئۇنىڭ بىر ئىشقا جەزمى قىلىشى ئاسان ئەمەس، جەزمى قىلغاندىن كېيىن ئۆلۈشكە رازى بولىدىكى، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىدىغاندۇ. ئەمدى نېمە ئامالىمىز بار قىزىم؟

— جېنىم ئانا، شۇنداق بولسىمۇ ئويلاپراق ئىش قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ — مەن ئانامنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلىماقتا ئىدىم.

— يىغلىما قىزىم، يىغلىساڭ مەن تەڭلىكتە قالىمەن، — دېدى ئانام باش — كۆزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ، — داداڭ ئېقىللىق ئادەم. ئۇ، ئۆز قىزىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

— خالىمىسا شۇنداق قىلامتىمۇ؟

— جېنىم قىزىم، ئۇنداق دېمە، بەخت دېگەن تۆكۈلۈكنىڭ ئۈستىدە، بوسۇغىنىڭ ئالدىدا ياكى ياستۇقنىڭ تېگىدە بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېرىشىمەن دېسە، ئۆزىنىڭ ھايات بېغىغا ئەجرى سىڭدۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەخت قۇشى ھەمىشە جاپا — مۇشەققەتلىك جايلاردا بىر ۋاپادار جورا ئىزدەپ يۈرەرمىش...

ئانام بارغانسېرى قىزىپ، ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى.

4

يەر-جاھان كېچىدىن قارا تون كىيىپ، كىشىلەر ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقىغا چۆمگەن بولسىمۇ، مېنىڭ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپتىكى تاملىرىغا ئىككى پارچە گىلەم تارتىلغان، شەرقى تېمىنى ياقىلىتىپ ئالاھىدە دەرىجىدىكى بىر سىم كارۋات، غەربى تېمىغا چاپلاپ بىر ئىشكاپ قويۇلغان، دېرىزە ئالدىغا چوڭ بىر پولات ساندۇق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆركەم ۋە سۈپەتلىك ئىككى چامادان تىزىلغان بۇ ئۆيدىكى پۈتۈن بىساتلار ماڭا مەيۈس ھالەتتە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزەممۇ بارغانسېرى بىر مەيۈسلۈك ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدىم. قانداقتۇر كۆڭلۈم پەرىشان، ۋۇجۇدۇم زىمىستان ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ئۆيگە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىگە ئوخشاش تام تورۇسىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىلەرنىگىچە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتىم ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىتاپ جازىسىدىن بىر كىتاپنى ئالدىم -دە، قايتىپ ئورنۇمغا كىلىپ، يېتىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

" ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ ئاددى ھەققى ئۇشبۇدۇر كىم، ئاتا - ئاناڭنىڭ ۋاستە بولمىشى بىلەن سەن دۇنياغا تۇغۇلدۇڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇنى ئۇلۇغ بىل؛ ئاتا - ئاناڭ سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ مېھرى - مۇھەببەت بىلەن پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلدى، ياخشى ئىش، ياخشى كەسپلەرنى ئۆگەتتى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيدۇ. ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمە ۋە رەنجىتمە...

مېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى، ئوبدان بولالىشىم ئاتا - ئانامنىڭ سەۋەبى ۋە تەربىيەت قىلىشىدىن بولغان دەپ تونىغىل. ئاتا - ئاناڭنى ھەرگىز پەس كۆرمە ۋە كەمسىتمە...

ئاتا - ئانا دەرەخنىڭ غولىغا، بالا دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ. شاخ غولنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ...»

مەن قاچاندۇر ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئويغانسام تاڭ ئېتىپ قالغان بولۇپ، ياستۇقۇمنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە خەت تۇراتتى. ئىتتىك كىيىنىپ، خەتنى ئېلىپ ئاچتىم. بۇ دادامنىڭ يازغان خېتى ئىدى: "قىزىم، گېپىمگە قۇلاق سال، بىر كىتاپتا: "ئېزىز ئۆمۈر چاقماقتەك تىزلىكتە ئۆتۈپ بارىدۇ. تىرىكلىك سائەتلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئاققان دەريادەك توختاۋسىز كېتىۋېرىدۇ. ھەر بىر پۇرسەت بىباھا گۆھەرگە ئوخشاش قىممەتلىكتۇر. ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. دۇنيادا ياشاش نۆۋىتى پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئۇنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۆتۈپ بارغان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، پەيتىنى زايا قىلمىغان كىشى بۇ ئۇزاق يولدا بەخت-تەمەننادىگە يېتىشى چوقۇم» دەپ يېزىلغان.

قىزىم، ئىنسان پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلىسە، ھەمىشە راھەت -پاراغەت ئۈستىدىلا چۆگىلىسە، ئاخىرى بېرىپ نىجاسەت ئازگىلىغا دومىلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئازگالدا بۇلغىنىشتىن باشقا ئىش يوق. بۇلغىنىش ھالاك بولۇش دېمەكتۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە ئەۋلادىمنىڭ بۇلغىنىشىنى خالىمايمەن.

بىز پاك بولىشىمىز كېرەك. پاكلىق ـ ئىنـ
سانىنىڭ ھۆسنى. شۇڭا مەن سېنى يىغلىتىـ
ۋاتىمەن. سەن يىغلا، مەن ھازىرچە سېـ
نىڭ يىغلىشىڭنى ياقتۇرىمەن. سەن ئەمـ
دىلا يىگىرمە ياشقا كىردىڭ. قانچە يىل
ياشارسەن؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ، ھەر ھالدا
ئەمدىلا مۇستەقىل ھايات باشلىماقچى بولىـ
ۋاتىسەن. بەش يىل يىغلا، بۇ ئازلىق قىـ
لىدۇ. ئون يىل يىغلىساڭچۇ؟ مەن بۇنىڭغىـ
مۇ قانائەت قىلمايمەن. ئون بەش يىل يىغـ
لا، شۇ چاققا بارغاندا ئاران ئوتتۇز تۆرت
ياشقا كىرىسەن. يىغلا ـ يىغلا كۆز ياشلىـ
رىڭمۇ قۇرۇيدۇ. يىغىڭمۇ ئاخىرىسى بار
ئەمەسمۇ؟ يىغىدىن كېيىن ئەلۋەتتە كۈلكە
كېلىدۇ. مەن ئويلايمەن، بۇ كۈلكە مەن ئۈـ
چۈن، مېنىڭ كۈلچېھرەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە
ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت، شاتلىق كۈلكىسى
بولىدۇ. ئۇ چاققا بارغاندا سەن كۈلىسەن،
مەن يىغلايمەن. بۇ يىغىمۇ ئەلۋەتتە كۈلـ
كىگە تېگىشكىلى بولمايدىغان ھەقىقىي بەخت،
شاتلىق يىغىسى بولىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە
سېنى يىغلىتىمەن، بار قىزىم، مەنزىلىڭگە
يىغلاپ بار».

5

كەچلىك تاماقتىن كېيىن دادام مېنى
يېنىغا چاقىرىپ:
ـ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، تەييارلىقىڭ
پۈتتىمۇ-يوق؟ ـ دەپ سورىدى.
مەن تىرنىقىمنى تاتلىغىنىمچە ئۈنچىقـ
مىدىم.
ـ ھازىر تىرناق تاتلايدىغان چاغ
ئەمەس. قىزىم كۈلچېھرى، سەن ئەجەپ
بىر باتۇر قىز ئىدىڭ، بۈگۈن ئۆتكەلدىن
ئۆتەلمەسەن نىمە؟ روھىڭ نىمە دېگەن چۈشـ
كۈن-ھە؟! بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. خۇشۇـ

سەن ھىننىڭ قىزىم شۇنداق قىلسا بولمايدۇ...
گەپ قىل.
ـ دادا، ئۇ سىزنىڭ قەتئىي قارارىڭىزـ
مۇ؟ ـ دەپ سورىدىم دادامغا تىكىلىپ.
ـ شۇنداق.
مەن ئۇنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشىم كېـ
رەكمۇ؟
ـ شۇنداق.
ـ مەن بىر ئاز شەرت قويسامچۇ؟
ـ ئۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك.
دادام ماڭا مىقتەك تىكىلىپ تۇراتتى.
بۇ تونۇش كۆزنىڭ ماڭا ئۆمرىدە بۇنداق
بىتاقەتچىلىك ئىچىدە تىكىلگىنىنى كۆرمىگەن
ئىدىم. ئەكسىچە ھەمىشە بۇ كۆزنىڭ ماـ
ڭا قاراپ شەپقەت ياغدۇرۇپ كۈلۈمسىرـ
شىگە ئۈگىنىپ قالغان ئىدىم. شۇڭا ئاستا
ۋە يىغلامسىراپ تۇرۇپ:
ـ كېيىنگىزنى رەت قىلمايمەن، ئۈمىدىـ
ڭىزنى يەردە قويمايمەن، ـ دېدىم.
دادام چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مېـ
نى ئىككى بىلىكىمدىن تارتىپ ئورنۇمدىن
تۇرغۇزۇپ، باغرىغا بېسىپ پىشانەمگە ئاـ
تىلىق مۇھەببىتى بىلەن سۆيدى.

6

ئىگىز قوم بارخانلىرى ئارىسىدىن كېـ
لىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق ھارۋىدا ئۈچ كىشى
ئولتۇرىمىز. ئۇلارنىڭ بىرى ھارۋىكەش،
يەنە بىرى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتـ
قۇچىسى تۇرغۇنجان، ئۈچىنچىسى مەن.
ـ بىزنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىمىز بولىدىغان،ـ
دەپ سۆزلەيتتى تۇرغۇنجان،ـ ئۇ، ھەمىشە:
«ياشلار شۇنى بىلىشىڭلار
لازىمكى، ياشلىق كىشىنىڭ
كۈچكە تولغان، ھەمىيالقا باي مەزگىلى.
ئۇ ئىگىز تاغ چوققىسىدىكى قارغا ئوخشاپـ

دۇ. قوياشنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يەر جا-
ھانىڭ ئىسسىقى بىلەن قار ئېرىپ تۈگە يـ-
دۇ. شۇڭا كىشى ياشلىق چېغىدا ھاياتنىڭ
مەنىلىك يوللىرىدا يۈگىرەش كېرەك. غا-
يە ئىشقىدا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇشى
كېرەك. ئىنتىلىش قانىتىدا ئۇلتۇرۇپ، كۆك-
لەردە پەرۋاز قىلىپ،زەپەر شارابىنى ئى-
چىش كېرەك. بۇنداق ئىمكانىيەت ۋەتەنـ-
نىڭ ھەممە يېرىدە بار. لېكىن، ھەممە
كىشىگە مەنسۇپ بولمايدۇ.ۋەتەننىڭ ھەم-
مە يېرىنى ئېزىز كۆرگەن، بەلكى ئەڭ
ئاخىرىدا قالغان جايلارغا ئەجرى سىڭدۇ-
رۇشنى شەرەپ دەپ بىلگەن، مۇشكۈللەر
ئالدىدا باش ئەگمىگەن كىشىلەرگە مەنـ-
سۇپ بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئەڭ جاپالىق
جايلارغا ئاتلىنىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن»
— ئۇ قالتىس مۇئەللىم ئىكەن - ھە؟،-
دېدى ھارۋىكەش.
— شۇنداق، قالتىسلىقىدا گەپ يوق ئە-
دى. ئۇ ھاياتىنى ھەقىقى رەۋىشتەۋە-
تەنگە، خەلق پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشـ-
كە بېغىشلىغان. ئەگەر ئۇنىڭ ھېلىقى ئا-
پەتلىك يىللاردا چەككەن ئازاپ - ئوقۇ-
بەتلىرىنى سۆزلەپ كەلسەم...
—تېخى ئازاپمۇ چەككەن دەڭا!
— شۇنداق، ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلى-
رى ھەققىدە يازغان بىر مۇنچە
خاتىرىسى بار. ھەتتا، مەن ئۇنىڭ بىر قانچە
پارچىسىنى كۆچۈرۈۋېلىپمۇ ئالغان.
بۇ چاغدا چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانـ-
لىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمچە، تۇرغۇنجاننىڭ
كېيىنكى زەڭ قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدىم.

مەن ۋاقتىنىڭ تۈن يېرىمى بولۇپ قالـ-
غانلىقىنىمۇ سەزمەستىن، قولۇمدىكى يې-

شىل تاشلىق خاتىرىنى قىزىقىش ۋە ھا-
ياجان ئىچىدە ئوقۇۋاتىمەن. مانا، خا-
تىرىنىڭ 126 - بېتىدە «ۋەتەن - مەڭگۈ-
لۈك ئانام» دېگەن بىر ھېكايە بولۇپ، ئۇ،
بىلىنمىسكىنىڭ: "كىمىكى ئۆزىنىڭ ۋەتىـ-
نىگە مەنسۇپ بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇ
ئىنسانىيەتكىمۇ مەنسۇپ بولمايدۇ" دېگەن
بىر سۆزىنى ئېپىگىراپ قىلىپ ئېلىپ، مۇنـ-
داق يېزىلغان ئىدى:
«پولات تاشقىرىدىكى غىژ-غىژ ئارىلاش
يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ:"ھەي شاۋدۇن، ھەي
شاۋۇدۇن، ھەي رەج، ھەي رەج، نۆۋەتچىلىك
يەنە ساڭا كەپتۇ - دە؟! ئۆپكەڭنىڭ تەڭـ-
دىن تولىسى سېسىپ بولدى. قالغىنىنى
ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئۆزى بىلەر... ھەر
ھالدا، بۇدۇنيادا تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈڭ
قالغاندىمۇ دەيمەن؟! شۇنىڭغا باقماي نىـ-
مە تاپىمەن دەپ ئويلايدىغانسەن؟ ئېيتقىنا،
قانچە - قانچە سەبى كۆڭۈللەرگە ئازار
بەردىڭ؟ ئېيتقىنا، قانچە-قانچە ھەقىقى يۈ-
رەكلەرنى تۆھمەت بىلەن زىدە قىلدىڭ؟
ئېيتقىنا، ئېزىز جېنىم ھوزۇرىغا
نىمە ئۈچۈن جاپا تېخىنى ئارتىپ قويدۇڭ؟
ھەي جاھانغا زۇلمەت چاقىرغۇچى ھوقۇش،
بىلىپ قالغىنكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قـ-
ساس لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ
ئادالەت زۇلپىقارى ئالدىدا بەزگەكتەك
تىترەيسەن...» - دېدى.
يۆتەل ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شاۋۇ-
دۇن چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خىرقىراپ
ئىچىگە تىنىپ قالدى...
پولات يەنە:- ئۆلە، ئۆل!... سەندەكـ-
لەردىن بىرى ئۆلسە بۇ مۇقەددەس ئالـ-
تۇن دىيارىمىز بىر نىجاسەت تاپتىن خاـ-
لاس تاپىدۇ. ياخشى ئادەملەر بىر قېتىم
ئەركىن نەپەس ئېلىۋالىدۇ. ئەۋلاتلىرىـ-
مىزنىڭ ئىستىقبالى يولىدىكى بىر پۇتلى-

كاشالاڭ تاش ئېلىپ تاشلانغان بولىدۇ… ياق - ياق، ئۆلىمە!… بۇنچە بالدۇر ۋە ئاسان ئۆلۈۋالساڭ بولماس؟! تارىخ سوتى ئالدىدا قىلمىشلىرىڭدىن بىر - بىرلەپ ھېساپ بېرىشىڭ كېرەك… - دېدى.

پولات قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان بۇ كىچىككىنە گۇندىخانىدا، قاپ قاراڭغۇ چىلىق ئىچىدە تەمتىلەپ يۈرۈپ، تەكىنىڭ ئاستىدىن بىر قاپ تاماكۇ ئالدى. بۇنى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا نۆۋەتچىلىك قىلغان ياخشى كۆڭۈل بىر كىشى يوشۇرۇنچە بەرگەن ئىدى. تاماكۇ پەقەت بىر تالىلا قالغان ئىدى. ئۇ يەنە ئاختۇرۇپ، دېرىزە تاكچىسىدىن بىر سەرەڭگە قېپىنى تاپتى. ئىچىدە سەرەڭگە يوق ئىدى. ئامەت قاچقاندا ئاقتامىلىقتىن چالما تېپىلماپتۇ، دېگەن شۇ - دە… شۇ تاپتا بىر تال سەرەڭگە بولغىنىدا، ئۇ بۇ بىر تال تاماكۇنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىۋالسا، مۇشۇنىڭ ھوزۇرى بىلەن ۋۇجۇدى بىر دەم بولسىمۇ يايرىۋالسا، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ، ئۆمرىدە خۇمارىنىڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم بىر تال تاماكۇغا ئەسىر بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆرپىسىدىن بىر تۇتام پاختىنى ئېلىپ، كارۋاتتىن ئىككى تال شالنى چىقىرىۋېلىپ، پاختىنى شالنىڭ ئارىسىدا ئىشقاپ ئوت چىقارماقچى بولدى… ئۇ قوپۇشقا تەمشەلدى، قوپالمىدى. پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرى يوق ئىدى. ئۇستىخانلىرى سىقىرايتتى، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيانقى سوراق، تىل - ھاقارەت، تاياق - توقماقلار ئۇنىڭ قەددىنى ئېزىۋەتكەن ئىدى.

پولات خىيالىغا كەتتى.

ئۇنىڭ بۇ گۇندىخانىغا نەزەربەنت قىلىنغىنىغا قانچە ۋاقىت بولغاندۇ؟ ئۇنىڭغا بۇ يەردە كېچىمۇ - كۈندۈزمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ. كۈن قاچان قاياقتىن چىقىپ، قاچان قاياققا پېتىپ كېتىۋاتىدۇ؟ قايسى كۈن كېتىپ، قايسى كۈن كېلىۋاتىدۇ، ئۇ، بۇنى بىلەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى - ئۆز تەقدىرىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى مۇشۇ گۇندىخانىغا مەھكۇم بولغانلىقىلا ئىدى…

شاۋۇدۇن شۇ كۈنى خۇددى داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەيتتى. يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاش خىرىس قىلاتتى. مايمۇنغا ئوخشايدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ ئۆچەيدەپ قالغان جىن چىراقتەك كۆزلىرى چوڭقۇر بىر ئورنىنىڭ ئىچىدە خۇنۇك پىلىلدايتتى. بىر تېمىم قاندىن ئەسەر بولمىغان، نائۇستىكارنىڭ قولىدا قىيىنىلىپ، ئۇزۇن يىللار كۆپ ئىشلىتىلىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا يېرىق تەڭلىدەك ئىككى زېڭىقى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. ئىككى مۇرىسى ئىشەكنىڭ تۇقۇمىدەك تۆپىگە كۆتىرىلىپ، دوقا بېشى بولسا، شۇ قىسلاچقا قىسىلىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: پەيتنى باشلىشىم كېرەك، دېگەن بىر تۈيغۇ ھۆكۈمران ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ دۆرەم ئۇ پولاتنى غۇلتىۋالسا، مۇرات قۇشلىرىدىن بىرى ئۇچۇرما بولغان بولاتتى. ئون نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە قىلغان زىيانكەشلىك جىنايەتلىرىنى بىلىدىغان ۋە ھەر دوقمۇشتا ئۆتكۈر سۆز خەنجەرلىرى بىلەن يۈرىكىنى زېدە قىلىپ دىدىقتۇرىۋەتكەن بىر رەقىبىنى - ھەممە ئىشتا بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايۋاتقان بىر يولۋاسنى دومىلىتىۋەتكەن بولاتتى…

ئۇ پولاتقا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپلا بىر پاي ئوق ئاتتى. گەرچە بۇ ئوقنىڭ نىشانى خاتا، ئاۋازى زەيىپ بولسىمۇ ئۇمۇ شۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئېيتىلغان بىر تۇتام پاختىنىڭمۇ جاراھەت ئىزلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئادەمنى نابۇت قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئۆتكۈر بىر «سىياسەت» ھەممىلا يەردە ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرەتتى...

ئۇ، پولاتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، كانىيىنى سىقىپ تۇرۇپ: – سەن ۋەتەن ساتقۇچ خائىنسەن، سەن چەتكە قاچماقچى ئەمەسمىدىڭ؟ ھازىر «قەلب تاپشۇرۇش» بولىۋاتسا، سېغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرىسىنا؟! قېچىش پىلانىڭنى تاپشۇرمامسەن؟ ھە، تېخى، ھېلىقى پاسپورتىڭنى قاچانغىچە يوشۇرسەن؟ – دەيتتى.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ بىر پاي ئوق كۆپچىلىكنىڭ كاللىسىدا: «بۇ – ئوچۇقتىن-ئوچۇق تۆھمەت» دېگەن پىكىردىن باشقا ھېچقانداق تەسىرات قوزغىيالمىغان بولسىمۇ، بىر قىسىم سىياسىي ھايانكەشلەر ئۈچۈن «قەھرىمان» لىق كۆرسىتىپ، ئولجىغا ئېگە بولۇشنىڭ ئوق توچكىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ يەر – بۇ يەردىن چىقىۋاتقان ئالا-تاغىل، قوپال ۋاقىراش – جاقىراشلار كىشىنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەيتتى: «جاۋاپ بەر قېنى، چەتكە قانداق قاچماقچىدىڭ»؟ «سەندىن سوراپ باقاي: پاسپورتنى نەدىن ئالغانسەن؟»، «گەپ قىل!»

پولات خىيال قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خۇددى بىلمەستىن، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تۇرۇپ: «ۋىجدانسىز ئەبلەخ، ئۆلۈمتۈك قۇرۇت...» – دېگىنىچە غەزەپ بىلەن تامغا بىرنى سالدى. بۇ غەزەپتىن گۇندىخانىنىڭ تورۇسلىرى غاراسلاپ، تاملىرى تىترەپ كەتكەندەك بولدى...

پولاتنىڭ تۇتقۇنلۇق ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلانغان ئىدى. ئۇ ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويدى – دە، ئاندىن يەنە خىيال يىپىغا باغلىنىپ قالدى...

بېشىدىن ئەقىل، كۆزىدىن شەرەم، تىلىدىن ھايا، دىلىدىن رەھىم كېتىپ قان ئىچىشكە تەييار تۇرغان بۇ مەنپەئەتمەستانلىرى پولاتنى شۇ كۈنى بىر قانچە سائەت دەھشەتلىك كۆرەش قىلدى. ئىقرار قىلدۇرۇش ئىمتىھانىغا سالدى. بۇ ئىمتىھان شۇنداق ئىمتىھان ئىدىكى، بىرى – يوقنى بار، يالغاننى راست دەپ تۆھمەتچىگە يۈز نومۇر بېرىپ، ئەلاچى چىقىرىش؛ يەنە بىرى تۆھمەتچىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئازاپ چېكىشكە تەييار تۇرۇپ، ھەقىقەتنى قوغداپ، ئۆزى يۈز نومۇر ئېلىپ، ئەلاچىلىق تاجىنى كېيىشتەك كەسكىن ئېلىشىش ئىدى...

شاۋدۇن كالاچىتەك ئاغزىدىن شالىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ:

– سۆزلە، ساڭا يالغاندىن بۇ جىنايەتنى چاپلاپ قويىۋاتقىنىم يوق، پاكىت! – دەيتتى.

پولاتنىڭ خۇش پىچىم، چىناردەك قەددى بارغانسېرى يوغىناپ كۆككە تاقىشىۋاتقاندەك ئىدى. بىرجۈپ قوي كۆزى چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئۈمىتكە تولغان بولۇپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى، قان تېپىپ تۇرغان يۈزىدىن ھەقىقى خاتىرجەملىك تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ئۆز – ئۆزىگە: «رەقىبىڭنىڭ ئالدىدا سارغايماسلىق،

ئەكسىچە رەقىبىنىڭ ھارغىنلىقىنى، تىترەشىنى، غەزەپلىنىشىنى، دۇدۇقلىشىنى كۆرۈش كىشى ئۈچۈن قانچە كۆڭۈللۈك — ھە!...» دەيتتى. شۇڭا ئۇ قاقاھلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن: «سۆزلەي، — دېدى مەردانىلىق بىلەن، — كىشىلىك ھاياتتا يول بەك ئۇزۇن، كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىشىدىغان ئادەم ئاخىرى كىشىلەر تەرىپىدىن شەرمەندە قىلىنماي قالمايدۇ. ئادەم ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەنلا ئېزىز بولمايدۇ، ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى بولغاندىلا ئېزىز بولىدۇ. مەندە مۇنداق بىر ئىرادە بار: ھەقىقەتنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى، ئىنسانلىق ئىززەت-نەپسىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىچ — نەيزە ئالدىدا سارغىيىشتىن ئۆلۈمنى ئەلا كۆرىمەن. ھەي شاۋدۇن، سەن ئىسپلاس نەپسىڭنى، ئىت جېنىڭنى دەپ مېنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بەردىڭ، لەنەت ساڭا! شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، تىرىكىڭ خار بولۇپ، ئۆلۈكۈڭنى ئىت يېمەيدۇ...»

پولاتنىڭ سۆزى تېخى ئاياقلاشمىغان ئىدى. بىر توپ قارا قوللار ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئۇ بىر ماللىمان ئىچىدە قالدى. بەس-بەستە تىڭىۋاتقان پەشۋا، مۇشت دەستىدىن ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنى قانغا بويالدى. ئاندىن ئۇ قارا قوللار پولاتنىڭ ئۈچىسىغا «ۋەتەن خائىنى» دېگەن خەت يېزىلغان شالدۇرۇقنى كەيدۈرۈپ، بوينىغا تاختا ئېسىپ سازايى قىلدۇردى. جىن-شەيتانغا ئوخشىتىمىز دەپ يۈزىنى قارىغا بوياپ، چېچىنى ئۈستۈرا بىلەن كىرىس شەكىللىك ياساپ، بىر نەچچە سائەت يولدا ئازگىلىدا تۇرغۇزۇپ قويدى. كەچ كىرگەندە بۇ كۈندىخانىغا قاماپ قويۇشتى.

ئەتىسى يەنە كۈرەش باشلاندى:

— ھە، چەتكە قاچماقچىمىدىڭ تېخى، ئېيت، كىم بىلەن قاچماقچىدىڭ؟

پولات تۇرۇشقا قارىغانچە مەغرۇر قىياپەتتە، گويا ئاغزىنى بېتۇن بىلەن چاپلىۋەتكەندەك لام-جىم دېمەي تۇراتتى. ئۇلار ئۇنى پىششىق خىش پارچىسىنىڭ ئۈستىدە چوكۇلاندۇرۇپ قويۇشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تاپقان بىر خىل قىيناش، ئىقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى. ئىدىرلىمىساڭ پۇتۇڭغا پېتىپ جېنىڭنى چىقىلدىتىۋاتقان خىش پارچىلىرىنىڭ دەستى، ئىدىرلىساڭ تېخى...

ئۆكۈنى، ئەتىسىنى، ئۆزلۈكسىز ھالدا يەنە شۇ كۈرەش — قىيىن-قىستاق، ئېسىپ قويۇش، گەۋدىسىنى ئالدىغا ئىگىپ، ئىككى قولىنى ئارقىغا سوزۇپ ئايروپىلان ئۇچۇرۇشلار داۋام قىلىۋەردى...

پولات بۇ كۈندىخانىدا ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنسېرى: «توۋا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى، بىگۇنا ئادەملەر ئورۇنسىز ئازاپ چېكىۋەرسە، ئاسمان-زېمىن ئۆگتەي-تۆكتەي بولۇپ كەتمەمدۇ؟! ئانا يەر بۇ ئىشلارنى كۆتەرمەس، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسى غەلىبە تېپىپ، بەخت باغچىسىدا سەيلى ئېتىدىغان كۈنلەر يىراق ئەمەستۇ...» — دەيتتى. شۇ چاغدا كۈندىخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، شاۋدۇن ۋە يەنە بىر نەچچە يىلەن كىرىپ كەلدى.

— تۇر، ئورنىڭدىن؟

پولات غەيرەت قىلىپ، تەستە ئورنىدىن تۇردى.

AltunOq

— ماڭ!

پولات كېيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىگە تېخىمۇ غەيرەت بېرىپ، غالىپلارچە قەدەم تاشلاپ كوندىخانا بوسۇغىسىدىن چىقتى...

ئۇ ئىككى سائەت دەھشەتلىك كۈرەش قىلىندى.

— ئېيىت، چەتكە نىمە ئۈچۈن قاچماقچىدىڭ؟

پولات ھېچنىمە دېمەيتتى، پەقەت كۈلەتتى، جاراڭلىق كۈلەتتى. مانا، شاۋدۇن ئۇنىڭ ئالدىغا ياۋۇزلارچە ئېتىلىپ كېلىپ ئاچ بىقىنىغا كۆچەپ بىرنى تەپتى. پولات يىقىلدى... ھوشىدىن كەتتى...

پولات ھوشىغا كەلگەندە يەنە كوندىخانىدا ياتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى پەيچاق سانجىلغاندەك سانجىپ ئاغرىيتتى. ھوشىمۇ دىڭگۇدەك جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئويلايتتى. ھەر خىل مەنزىرىلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى:

ئەنە، قەۋرىستانلىقنىڭ چېتىدىكى بىر ئورۇندا مۆكلۈك، غېرىبانە بىر قەۋرە شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇ دەل شاۋدۇننىڭ قەۋرىسى ئىدى. ئەنە، قوساقلىرى ئىچىگە تارتىشىپ، كىرىشىپ كەتكەن، تۈكلىرى پاخپىيىپ، سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان بىر ئىشت ئۇنىڭ قەۋرىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ ھوۋلاشقا باشلىدى. بۇ زەئىپ ئاۋاز خۇددى بۇ قەۋرىنىڭ ئىچىدە ياتقان موردىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى...

ئەنە، تاڭ سۈزۈلۈپ، ئوپۇق قىزىرىپ، يەر - جاھانغا ئالتۇن قوياش نۇر چاچتى...

ئەنە، قار - مۇزلار ئېرىپ، زىمىستان كېتىپ، ئىللىق باھار كېلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە باھار سۈيى ئاقماقتا ...

ئەنە، شۇ دۈشەنبە كۈنى ئۇ، ئۆيىدىن چىقاشىدا ھاياتلىغىنىڭ زىبۇ - زىننىتى، ئۆلگەندىن كېيىن يۇرۇتقۇچىسى بولغان ئىنجۇ - مارجاندەك ئىككى بالىسى شېرىن باللىق ئۇيقىسىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈپ قالغان ئىدى. كۆڭلىنىڭ ھوزۇرى، روھىنىڭ ئوزۇقى، مۆھتەرەم تۇرمۇشدىشى بولغان مېھرىبان ئايالى بولسا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ:

— خۇدايىمغا ئامانەت ئەمسە، خوش! — دەپ ئۇزۇتۇپ قويغان ئىدى...

پولات ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، پەسەڭگىنە بىرنى كۈلۈپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باشقىچە بىر مەنزىرە ئۆتۈشكە باشلىدى:

ئۇ، ئاتۇش دىيارىدا - ئەنجۇر ۋەتىنىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان تاغ گىرۋەكلىرىنى يالاپ، ھەر خىل ئوت - گۈللەرنى سۆيۈپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ كەلگەن قىران دەرياسىنىڭ ئەركەك سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان. كېيىن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئەزىزانە قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەر ئۇنىڭ پاك قەلبىگە ئىلىم شەرۋىتىنى تۆككەن، تۇرمۇش يولى بەرگەن. ئۇ خاتىرىسىگە: "ئاتۇش بالىسىمەن، قەشقەر ئوغلىمەن، بۇ دىيارلار - مېنى ھاياتلىق سۈيى بىلەن سۇغارغۇچى، ئارزۇلىرىنى ۋىسال تاپقۇزۇپ، تۈگىمەس شاتلىق ھەسسىغا چۆمدۈرگۈچى ئىككى دۇنيالىق مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىم..." — دەپ يازغان.

پولات ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بارغانسېرى

ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېقىنىنىڭ ئاغرىقى جېنىنى ئازاپلاپ، يۈرىكىنى شىددەت بىلەن سىقىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، جەينىكىنى تېرەپ يېنىچە بولدى - دە، ئوڭ قولىنى قاتتىق چىشلەپ قانىتىپ، قىپ - قىزىل قېنى بىلەن ئاق تامغا بىر مۇقەددەس سۆيگۈ خېتى يازدى. ئۇ يېزىپ بولۇپ كۆزىنى خەتكە تىكتى ۋە بار ئاۋازى بىلەن ياندۇرمىلاپ - ياندۇرمىلاپ ئوقىدى:
ۋەتەن - مەڭگۈلۈك ئانام. 1967 - يىلى، 9 - ئاي. پولات.»

مەن خاتىرىنى يېپىپ قويدۇم. كۆزلىرىمدىن مۇنچاق-مۇنچاق ھاياجان ياشلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى. قەلبىمدە بولسا، پولات ئاتلىق بۇ خاتىرىنىڭ ئىگىسىگە بولغان غايىۋانە بىر ئالىي ئېھتىرام تۇيغۇسى جۇش ئۇراتتى.
دېرىزىدىن ئاي مارايتتى، خورازلارنىڭ يېقىملىق چىللىشى ئاڭلىناتتى.

9

— پولات مۇئەللىم ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە تېگىشلىك كىشىكەن جۇمۇ! - دېدىم مەن.

—شۇنداق،-دەپ تەستىقلىدى تۇرغۇنجان، - لېكىن مەن سىزگە ئېيتسام، پولات - ئۇ مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ ھەككىدا قوللانغان سىمۋوللۇق ئىسمى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئەسلى ئىسمى - ئىرشات.

— قايسى ئىرشات؟

بۇ سۆز مېنىڭ ئاغزىمدىن ھەم تېز ھەم ھاياجان بىلەن چىقىپ كەتتى.

— قايسى ئىرشات بولاتتى؟ دەل مېنى ئوقۇتقان، ماڭا 3 يىل سىنىپ تەربىيىچىسى بولغان مۇئەللىم بولمامدۇ؟

— ئۇ قەيەردە؟

— ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە.

— ئىرشات رەشىدىنى دېمەكچىمۇسىز؟

— سىز ئۇنى تونۇمسىز؟

مەن خۇددى ھاڭۋېقىپ قالغان كىشىدەك بىر دەم تۇرۇپ قالدىم. ئائىلىمىزدە ھېلىقى ئاپەتلىك يىللار ھەققىدە گەپ ئېچىلسىلا، دادام: بولدى، ئۇ كۈنلەرنى ئويلىمايلا قويايلى، ئويلىغىنىدەك نېمىسى بار؟ كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىيالامتى؟ يۈرەكنى زىدە قىلماقتىن باشقا ئىش يوق. ھەر ھالدا ساق - سالامەت بۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىۋالدۇق، - دەيتتى. مەن مۇشۇلارنى ئويۇمدىن ئۆتكۈزۈپ، تۇرغۇنجانغا جاۋاپ بەردىم:

— ئۇ مېنىڭ دادام.

— چاقچاق قىلماۋاتقانسىز؟

— بۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق كېتەمدۇ؟

تۇرغۇنجان ماڭا گويا ئۆز سىڭلىسىغە قارىغاندەك مېھرىۋان كۆزى بىلەن بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ھاياجان بىلەن سورىدى:

— مۇئەللىم ئامان - ئېسەن، ياخشى تۇرغاندۇ؟

— ئوبدان تۇردى.

— مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە 11 يىل بوپتۇ. سىزمۇ چوڭ بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىقىپسىز.

— شۇنداق، 11 يىل دېگەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئەمەستە؟!

— ئۇغۇ شۇنداق...

— سىز مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنى

تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟

— مەن سىزنىڭ تەكلىماكاننىڭ بىر چېتىدىكى بۇ چىرايلىق جايغا كېلىشىڭىزنى نىمە دەپ چۈشەنسەم بولاركىن!؟

— راستىمىنى ئېيتسام، بۇ يەرگە دادامنىڭ ئارزۇسى بىلەن كەلدىم.

— گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن ھەم قايىلمەن. ئۆمەرشات مۇئەللىم ئەزەلدىن ئۆز شاگىرتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان شاگىرتلىرى ۋەتىنىنىڭ ھەممە يېرىدە مائارىپ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە. مانا، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىۋا قىزىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بۇ ئارقىدا قالغان جايغا ئەۋەتىپتۇ.

دادام: «بۇ ۋىجدانىمنىڭ بۇيرىقى.» دېدى.

— توغرا، ۋىجدان بۇيرۇق قىلغانىدىلا مۇشۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. ئاڭلىسام، ئىرشات مۇئەللىمنى ھازىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى دېيىشىدىغۇ، راستمۇ؟

— راست.

— ئەگەر ئىرشات مۇئەللىمدىكى بۇ ئىمتىياز بەزى كىشىلەردە بولىدىغان بولسا، ئۆز پەرزەنتىنى، بولۇپمۇ سىزدەك ئەتىۋار قىزىنى بۇنداق جايلارغا ئېۋەتەرمىدى؟! مۇمكىن ئەمەس ئىدى، زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قەلبىمدە دادامغا بولغان مۇھەببەت ئوتى ئۇلغايماقتا ئىدى. تۇرغۇنجان ناھايىتى ئىپتىخارلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مۇشۇنداق بىر مۇئەللىمنىڭ شاگىرتى بولغانلىقىم بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، ئىرشات مۇئەللىم ھەقىقەتەن ئالىيجاناپ كىشى...

مەنمۇ ئاستا پىچىرلىدىم:

— دادام ھەقىقەتەن ئالىيجاناپ كىشىكەن...

1984 - يىل، قەشقەر.

---

(بېشى 17 - بەتتە)

كى تۇغۇلۇشۇمدىن تارتىپلا بەختى قارىلىق پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆز ئانام يېنىمدا بولماسمىدى؟ ئىچىمدە زەھەر قاينايدىغان كۈندەش خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا قىيىندا - سوقۇندا بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ ھەممىدىن يامىنى بۈگۈنكىدەك خورلۇق ۋە نومۇسقا قالارمىدىم؟!... — دېدى.

شۇ سۆزلەرنى ئەيتىش بىلەنلا شېرئەلىنىڭ كۆكسىدىن ئاچچىق بىر يىغا ئېتىلىپ چىقتى - دە، كۆز ياشلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. يۈرىكىدە سىرلىق گۇمان ۋە ئەنسىزلىكنىڭ بورىنى قوزغالغان ئايىمخانىغا باش ئۇستىدە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دەھشەتنىڭ قارا سايىسى ئۇچۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنۈپ ئېغىر تەشۋىش ئىچىدە قالدى ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— سەۋىر قىلسىلا، غوجام! — دەۋىتىپ ئۆزىنى تۇتالماستىن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

ئۇزۇن يىللار مابەينىدە سىرلىق تېپىشماق بولۇپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ھادىسلارنىڭ تۈگۈنى يېشىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنتۇلماس ئەشۇ كېچىدە شېر ئېلى بۇ ئاقكۆڭۈل خىزمەتكار ئايالنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆۋەندىكىدەك پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلىدى.

(داۋامى بار)

# شېئىرلار

تۇرسۇن ھامىت

## توي تەنتەنىسى

قايىنىدى ھەر ياندا شات توي، بەختىيار ھايات بۇگۈن،
بولدى يۇرتۇمنىڭ قۇچىغى ئەلگە كەڭ كۈشات بۇگۈن.
تىكلىدى قەددىنى خەلقىم، قامىتى شەمشات بۇگۈن،
توي بىلەن ياساندى رەڭدار كەڭرى كائىنات بۇگۈن.
دوستلۇرۇم پامىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇشات بۇگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۇگۈن.

ئۆتتى يۇرتۇمنىڭ زەپەرلەر ئىچىرە ساق ئوتتۇز يىلى،
جۇت-شىمۇرغانىنى سۈرۈپ شوخ يايرىدى خەلقىم دىلى.
جەڭ كۈرەشلەردە چېنىقىپ بولدى مۇستەھكەم بىلى،
خۇددى ياش سۇمرۇققا ئوخشاش كۆككە ئۆرلەش مەزگىلى.
دوستلۇرۇم پامىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۇگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل ئاۋات بۇگۈن.

بۇ خۇشال تويغا ئۈرۈمچى قىلدى كاتتا تەنتەنە،
تۇتتى ئۈززۈم شەربىتىنى قېدىمى تۇرپان ئەنە.
غۇلجا، ئالتاي سوۋغىسى گۆش ۋە قېمىز كەلدى يەنە،
بولدى بۇ توي باي-باياشات، جارى مىللى ئەنئەنە،
دوستلۇرۇم پامىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۇگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل ئاۋات بۇگۈن.

گۈل كەبى بىزەپ ئۆزىنى توي بىلەن گۈزەل قۇمۇل،
داسقىنى نازۇ-نېمەتلىك سوۋغىلارمۇ بولدى مول.
شاتلىنىپ يۈرەك قېتىدىن قىلدى جەۋلان قىز-ئوغۇل،
تۈشمۇ-تۈشتا قىزىدى نەغمە-ناۋا ناخشا-ئۇسۇل،
دوستلۇرۇم پامىر-تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۇگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل ئاۋات بۇگۈن.

زور خۇشاللىق قاينىمىغا چۆمدى جۇڭغار، قاراماي،
توي بىلەن ھەر بىر قۇدۇقتىن ھەسسىلەپ ئاشۇردى ماي .
رەڭمۇ-رەڭ گۈلگە تولۇپ شىخەنزە ئاچتى گۈل چىراي،
تۇتتى سۇۋغا خىلمۇ - خىل، فابرىكا، مەيدان ھەممە جاي.
دوستلۇرۇم پاھىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۈگۈن .

ناغرا، سۇناي ئۈنلىرى ياڭراپ ھامان كۆكنى قۇچار .
ئۈينىدى ئۇسسۇل سەنەمگە زوقلىنىپ كورلا، كۇچار،
ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان دىياردا گۈزەللەر يۈز ئاچار،
روھى جۇشقۇن خەلقىمىز گويا خۇشال كۆكتە ئۇچار.
دوستلۇرۇم پاھىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل،ئاۋات بۈگۈن.

قەدىمى قەشقەردە خەلق زوق - شوق بىلەن سەيلان قىلىپ،
ياش - قېرى چۈشكەن ساماغا، توز كەبى جەۋلان قىلىپ،
قىز - يىگىت گۈلدەك ياسانغان دىللىرىنى شادمان قىلىپ،
ياڭرىتار شوخ كۈيلىرىنى ناخشا ۋە داستان قىلىپ.
دوستلۇرۇم پاھىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل،ئاۋات بۈگۈن.

گۈل دىيار يەكەن، دولان چالغۇلىرىنى سازلىتىپ،
قىلدى بۇلبۇلدەك ناۋا مۇقاملىرىنى ياڭرىتىپ،
كاتتا مەشرەپ سورۇنى تۈزۈلدى ساز جاراڭلىتىپ،
شاتلىقنى-بەختىنى پۈتكۈل جاھانغا ئاڭلىتىپ.
دوستلۇرۇم پاھىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۈگۈن.

قاش تېشىدىن نەقىشلەر ئويۇپ بۇ تويغا ئۈز خوتەن،
چوڭ گىلەملەر سوۋغا قىلدى قان-تەرى ئەجرى بىلەن،
تويغا قىلدى تەنتەنە، يىپەك دىيار خەلقى بىلەن،
تويىنى قىزدىتتى يىگىت - قىز، جىلۋە ناز ئىچرە لىۋەن،
دوستلۇرۇم پاھىر، تىيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئىلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل ئاۋات بۈگۈن.

زور كۆتەرەڭگۈلۈك باغرىدىن شاتلىق بىلەن سالام نەزەر،
بولدى توي ئاسمانىدەك ئالتاي ئېتەكىگە قەدەر.

AltunOq

رەڭمۇ - رەڭ قاناتنى ياپقان توز كەبى يېزا، شەھەر،
باغۇ - بوستان، لالىزار نۇرغا چۆمۈلگەن ھەممە يەر،
دوستلۇرۇم پامىر، تيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئەلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۈگۈن.

بارچە مىللەت خەلقى چىن دىلدىن بولۇپ دوست ۋە ئىناق،
چەك - كۆرەشتە يانمۇ - يان، بولغاچ پولاتتەك ئىتتىپاق.
غەلبىمىز ئالەمشۇمۇل، تۇرمۇش ھايات تاپتى روناق،
پارتىيە نۇرى بىلەن ئىلگىرلىدۇق خۇشال قوۋناق،
دوستلۇرۇم پامىر، تيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئەلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۈگۈن.

مىسلى زور تەرەققىيات يولىغا بىز ماڭدۇق ھامان،
يۈكسۈلۈپ پەن - مەرىپەت نۇرغا چۆمۈلدى ھەر تامان،
كەلگۈسى پارلاق نىشانغا يېتىمىز بىز ھەر زامان.
ئالغا ئۆرلەش يولىمىزغا تىكتى كۆز پۈتكۈل جاھان.
دوستلۇرۇم پامىر، تيانشان كۈلدى زەپمۇ شات بۈگۈن،
ئەلى، تارىم بويلىرى چەكسىز گۈزەل، ئاۋات بۈگۈن.

## ئۇستازغا

ئۆتتى سانسىز يىللىرىڭىز ئۇستاز مائارىپ باغىدا،
ئەجرىڭىز كۆپتۇر بۇ باغنىڭ ھەر گۈلى، ياپراغىدا.
سۇغۇرۇپ قان تەر بىلەن ئۆستۈردىڭىز سانسىز كۆچەت،
ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەك ئۈچۈن شاخلىق ۋەتەن تۇپراغىدا.
تاپتى پەرۋىش مېھرىڭىزدىن ياش كۆچەتلەر، نوتىلار،
ياشنىدى كەۋسەر بىلەن پەن - مەرىپەت بۇلاغىدا.
بىر زامان تەتۈر قۇيۇنلار باغنى ۋەيران ئەيلىدى،
تۇردىڭىز شەمشات كەبى تىك، دەرت ئەلەم قىيناغىدا،
تۆھپىڭىز يەرگە ئۇرۇلدى، چاپلىنىپ بەدناملار كۆپ،
بوغدى مەلئۇنلار گېلىڭىزدىن رەزىل تىرناغىدا.
شۇم نىيەت غەلىيانچىلا ئەگىمىدىڭىز ھەرگىز بويۇن،
بەردىڭىز قەتئى چىداش جەڭدە كۆرەش سىناغىدا.
سۈرۈلۈپ جۇت ۋە تۇمان شۇم جادىگەرلەر بولدى گۇم،
قىپ - قىزىل نۇر پارلىدى ئالتۇن دىيار قۇچاغىدا.
تۈگىدى كۈلپەت - ئەلەم بولغاچ ۋەتەندە نەۋباھار،

يامرىدى شاتلىق ۋەتەنىمىڭ شەھەر، يېزا ، يايلاغىدا.
ئىلىم-پەن ئەھلى ۋەتەندە تاپتى چەكسىز شان - شەرەپ،
يېڭىدىن بەرق ئۇردى نۇر پەن - مەرىپەت بايراغىدا.
تۆھپە - مېھنەت ئىتىۋارلىق بولدى، كەڭ دەۋران بۈگۈن،
بولدىڭىز جۇشقۇن - تېتىك ئىقبالىغا ئۆرلەش چاغىدا.
ئەل ئۈچۈن ئەۋلات ئۈچۈن سەرپ بولدى پۈتكۈل ئۆمرىڭىز،
شانىڭىز ئۆچمەيدۇ ھەرگىز ئىلمى-ئىرپان باغىدا.

## مەرىپەت غۇنچىلىرى

دەۋرىم گۈزەل مەر مەر تاڭدەك نۇرلۇق قوياشلىق،
ۋەتىنىمدە روناق تاپتى ئىلىم-مەرىپەت.
پەن - بىلىمدىن كۈچ ئالماقتا ئالتۇندەك ياشلىق،
يېڭى ئەۋلات گۈلدەك ياشناپ تاپتى تەربىيەت.

چەكسىز گۈزەل گۈلزار گويا مائارىپ بېغى،
يېڭى ئەۋلات شۇ باغدىكى غۇنچە-پورەكلەر.
نۇر چاچماقتا دىل قېتىغا ئىلىم چىرىغى،
كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ ئوتلۇق يۈرەكلەر.

مەرىپەتنىڭ غۇنچىلىرى تەلپۈنەر ماڭا،
ئەتراپىم گۈل - چېچەكلەرگە تولغاندۇر پەۋەس.
ئەقىل - ئىدرەك، پىكىر-زېھنىم ئاتالغان ئاڭا،
ئىلىم-پەنگە ئويغۇتىمەن دىللاردا ھەۋەس.

ھۆرمەت بىلەن دەيدۇ ئۇلار: مۇئەللىم - ئۇستاز!
ماڭا شەرەپ بەخش ئەتكەن يېڭى دەۋرانىم.
ياش ئەۋلاتقا سۆزلەيمەن دەرس ياڭراق خوش ئاۋاز،
جۇش ئۇرىدۇ دولقۇنلۇنۇپ تومۇردا قانىم.

سىڭدۈرىمەن پەن - ھېكمەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى .
مىللىتىمنىڭ ئەۋلادىغا قىلىپ ئىجتىھات.
دېڭىزلاردىن سۈزۈپ ئىلىم گۆھەرلىرىنى،
قىلدىم ئەجىر ۋۇجۇدۇمدا شىجائەت - سۇبات.

شاتلىنىمەن نوتا - نىھال ئۆسكەندە كۆركەم،
گۈل - غۇنچىلار پەرۋىشىمدىن چاچسا خۇشپۇراق،
قىلغان ئەجرىم مېھنەت تەرىم ... ئىپتىخار كۈلكەم...
ئەۋلات بىلەن ھامان بىللە ياشايدۇ ئۇزاق!

# مۇشائىرە

## ئوخشارمۇ ؟

مەھجۇرى

جاھاننى كەزگىنىم ئۆز يۇرتنى كۆرگەنىمگە ئوخشارمۇ؟
چېچەكلىك تاغۇ - تاشلار باغۇ-بوستانىمگە ئوخشارمۇ؟

ئۇلۇق دەريا توغانلار، شاقىرام سۇلارنى كۆرسەم ھەم،
ئامۇ دەريا بىلەن سىر يوق، زەرەپشانىمگە ئوخشارمۇ؟

ئەگەرچە مىۋىلەرنىڭ نەۋئى كۆپرەك بولسا ھەم تەمى،
يېتىشتۇرگۇچىسى ئۆز يەرلى دېھقانىمگە ئوخشارمۇ ؟

مۇھەندىسلەر پىكرى بىلەن پۈتكەن يۈز قەۋەت ئۆيلەر،
ۋەتەندە قالدۇرۇپ چىققان پېشايۋانىمگە ئوخشارمۇ؟

لاتاپەتلىك كۆرۈنگەن ئادەمىيلەرنىڭ زەھرى ھەم،
يۇقۇمسىز، ساق - سالىم ، تازا ۋىجدانىمگە ئوخشارمۇ؟

كۈلۈپ تۇرغان گۈزەللەر لەبلەرىدە پارلىغان ھۇمرا،
تۆكۈلگەن ھەق ۋە ناھەق قىرمىزى قانىمگە ئوخشارمۇ؟

ساياھەت ئىچرە ئېركىنلىكتە قەددۇ - قامەتىن كۆرسەم،
ئېگىلگەن قامەتى ھالى پەرىشانىمگە ئوخشارمۇ؟

نىمەڭ ، مەھجۇرىنىڭ پىكرۇ - خىيالى تاپمىسا ئارام،
كۆرۈپ بىلگەي ھەقىقەتنى بۇ يازغانىمگە ئوخشارمۇ؟

1983 - يىلى 12 — ئىيۇل تائىپە شەھرى

# ئۆزگىچە

( شائىر مەھجۇرنىڭ « ئوخشارمۇ؟» ناملىق شېئىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن )

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى**

كىندىكىمدىن تامچە قان چۈشكەن دىيارىم ئۆزگىچە،
كۆزلىرىمگە نۇرنى چاچقان سۇرمە زارىم ئۆزگىچە.

باغرىدا ياتقان يۇسۇپ ، مەشھۇت يەنە قانچە ئىزىز ،
ئۈستىدە چەشمە زىلال ، ئالتۇن مازارىم ئۆزگىچە.

يازدى ھەر بىر قۇرى ھىكمەت « قۇت بىلىك»، «تۈركى دىۋان»
دىل سۆيۈنگەي شۇ مىراستىن ئىپتىخارىم ئۆزگىچە.

جانۇ - تەندىن تار ئېشىپ ئوتلۇق مۇقامنى كۈيلىگەن،
زوقلۇنار ئەھلى جاھان سازۇ - ساتارىم ئۆزگىچە.

خۇش ھاۋا، تەنگە داۋا، نامى تونۇش بېھىش كەرەم،
تەمى تىلنى يارغىدەك ئەنجۈر - ئانارىم ئۆزگىچە.

قويىنى ئەترە، لالە - رەيھان خۇش ھىدى جانغا ئارام،
شوخ شامال ، ھەركۈن ۋىسال ، ئىللىق باھارىم ئۆزگىچە.

ئويغۇشۇپ مەجنۇنى تال، سۇنىڭ يۈزى ساھىپجامال،
لىق بولۇپ ئاققان تۈمەن، دەريايى تارىم ئۆزگىچە.

ھۆسنىگە خەلقۇ - ئارا تەڭداش مىسالى بولمىغان،
ھەر گۈزەل كۆڭلىنى چاك قىلغان خۇمارىم ئۆزگىچە.

تېنىدە ئۇشبۇ ۋەتەننىڭ زەررىسى بار قىز - ئوغۇل،
قايدا بولسا ئەلگە شۆھرەت ئېتىبارىم ئۆزگىچە.

كۆپ سالام، ياخشى تىلەك يۇرتداشىمىز مەھجۇرىگە،
نامە ئەشئار، ئۇندا ھۆرمەت سۆز قاتارىم ئۆزگىچە.

1984 - يىلى، 15 - ئىيول، قەشقەر.

* ئىزاھات :

شائىر مەھجۇرنىڭ ئىسمى ياقۇپ خوجا . ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تائىپە شەھرىدە . ئەسلى قەشقەرلىق كىشى بولۇپ ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ھەج تاۋاپ ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان . ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ، ئۇ ، ئۆزىنىڭ ئىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن مەشھۇر ، قۇتادغۇ بىلىك ، داستانىنى نەسرى يول بىلەن يېشىپ شەرھىيلىگەن . كېيىن باشقىلارنىڭ ھەسسىلەلى بىلەن بىر تەرىپىگە ئەسلى نۇسخىسىنى، بىر تەرىپىگە نەسرى يەشمىسىنى يېزىپ، ياردەمچىسىز، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا ۋە ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشىر قىلدۇرغان. ئۇ نەچچە شېئىرى تۇققانلىرىنىڭ ... تىلىگەن بولۇپ، ئۈن ئالغۇ لېنتىسىدىن خاتىرىلەنگەن .

# غەزەللەر

## ئەزىم ناسىر

(1)

يورار قەلبىم ۋەتەن سەندىن، قاراڭغۇ گور جاھان، سەنسىز،
باراخسان، نەۋباھار ئۆمرۈم بولۇر كۈللى خازان، سەنسىز.

سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن ھەردەم ياشاردىم، كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپتىم،
مىنۇت ئايرىلمىغىم سەندىن مۇشەققەت ئىمتىھان، سەنسىز.

قۇچار لەززەت ۋۇجۇدۇمنى جىنىم راھەت تاپار سەندىن،
قالۇر غۇربەتتە بۇ ئۆمرۈم بولالماس شادىمان، سەنسىز.

سېنىڭسىز بەلكى سۇلتان بوپ، جاھان سورسام تەخت ئۈزرە،
تېنىمنى چاققۇسى ھەر ۋاخ ئىلان بىرلە چايان، سەنسىز.

مۇقەددەس قىبلىگاھىم، سەن قىلاي ھەردەم ساڭا سەجدە،
چىكەي ھەسرەت، كېزىپ چۆللەر، كېيىپ يىرتىق چاپان، سەنسىز.

تېپىپ قۇۋۋەت سېنىڭ بىرلە ياشاردى نەۋقىران پەيتىم،
توزۇپ توزغاق كەبى بەختىم بولالماس نەۋقىران، سەنسىز.

كېزىپ باغىڭ ئارا ھەردەم كۈلەرمەن شات ـ خورام دائىم،
ئۆتەر ئۆمرۈم تۆكۈپ كۆز ياش، قىلىپ پەرياد ـ پىغان، سەنسىز،

سېنىڭ قۇتلۇق قۇچاغىڭغا كۆمۈلسۈن بۇ مېنىڭ جىسمىم،
كۆرۈنمەس مەنزىلىم ئەسلا مەگەر ئاشسام داۋان، سەنسىز.

جېنىم سەن، سەندىن ئايرىلسام چىقار جانىم شۇئان تەندىن،
بولۇپ ياشىم ئەزىم دەريا، بولۇر رەڭگىم سامان، سەنسىز.

(2)

ۋەتەن سەن بىر گۈزەل گۈلشەن، سېنىڭدەك لالىزار يوقتۇر،
سېنىڭ ئەللىق سېخى قوينۇڭ كەبى كۆكلەم باھار يوقتۇر.

AltunOq

ئۆزەڭسەن دىلبىرىم سۆيگەن، مۇھەببەت تەختىگە سۇلتان،
جاھاندا سەن كەبى سۆيگەن يەنە بىر گۈل ئۇزار يوقتۇر.

سىنىڭ مېھرىڭ ماڭا ھەردەم ئانامنىڭ مېھرىدەك ئىللىق،
ئوغۇلغا مېھرىنى تۆككەن ئانادەك غەمگۇزار يوقتۇر.

ھەۋەس قوزغار يۈرەكلەردە يېشىللىق ئىلكىدە قوينۇڭ،
جاھان گۈلشەنلىرى ئىچرە سىنىڭدەك سەرۋىنزار يوقتۇر.

سۇزۇك سۇلار يېشىل قوينۇڭ ئارا شەبنەم كەبى چاقنار،
مەگەر كىمكى سەيىر ئىستەر، بېغىڭدەك سەيلىزار يوقتۇر.

سۇمۇرسەم ساپ ھاۋايىڭنى تاپار قۇۋۋەت تىنىم يايراپ،
تۇغۇلغاچقا سىنىڭدە، مەن كەبى بىر بەختىيار يوقتۇر.

چىراقسەن، بۇ ئەزىم-پەرۋان، ساڭا ئەيلەر تەسەددۇق جان،
ساڭا بولغان كەبى مەپتۇن يەنە بىر ئىنتىزار يوقتۇر.

(3)

بېغىمىڭ گۈلشەن، جامالىڭ گۈل، سۆيۈك ئابى ھاياتىمدۇر.
ئانامسەن، ئاق سۈتىڭ تەنگە مادارىم ھەم قاناتىمدۇر.

بىمارمەن ئايرىلىپ سەندىن ياشار ئۆمرۈم سىنىڭ بىرلە،
توپاڭنىڭ زەررىسى كۆزگە مۇقەددەس تۇتيايىمدۇر.

تۇرۇپ سەندەك ئۇلۇغ بىر جاي، بېرىپ نەگە تاۋاپ ئەيلەي،
مۇقەددەس تاغلىرىڭ سەجدە قىلۇرغا قىبلىگاھىمدۇر.

يېنىمدا سەن تۇرۇپ قانداق كىلەر باشىمغا مۇھتاجلىق،
سىنىڭ ئىللىق، سېخى قوينۇڭ ئەبەت پۇشتى - پانايىمدۇر.

ئانامسەن، غەمگۇزارىم سەن، ھاياتىم ساڭا بەخشەندە،
چىقارسام بىر مىنۇت ئەستىن يۈيۈپ بولماس گۇنايىمدۇر.

كېرىپ كۆكرەك، سۇرۇپ ياۋنى مەگەر جەڭگاھ ئارا كىرسەم،
چىنارىڭ شاخلىرى جەۋلان قىلۇرغا زۇلپىقارىمدۇر.

تەپەككۇر ھېسلىرىم دەريا بولۇر ھەردەم ساڭا باقسام،
تەسەۋۋۇر باغلىرىم ئىچرە گۈلۈڭ مېھرى گىيايىمدۇر.

باراقسان بولدى بۇ ئۆمرۈم ياشاپ ئىللىق قۇچاقىڭدا،
سىنىڭ قوينۇڭنى گۈللەتمەك مېنىڭ شان - ئىپتىخارىمدۇر.

يۈرەكتە جۇش ئۇرار سۆيگۈم بولۇپ گويا ئەزىم دەريا،
كۆيۈمدىن نەزمىلەر پۈتمەك بۈيۈك ئەھدۇ - قارارىمدۇر.

# ۋەتەننىڭ مەھلىياسىمەن

**باتۇر روزى**

"ۋەتەن!" دەيمەن، چاقار چاقماق گويا كۆڭلۈم ساماسىدا،
گۈزەللىك پەيزى بار چەكسىز شۇ چاقماقنىڭ جۇلاسىدا.

سىزەرمەنكىم ئۇنىڭ تەپتى قوياشنىڭ تەپتىدىن ئۆتكۈر،
بولۇرمۇ مۇنچىلىك خىسلەت قوياشنىڭ نۇر - زىياسىدا.

ھاياجان تاشقىنى دىلدا ياسار دەريا كەبى دولقۇن،
پەرىزات تىنىقى باردەك ۋەتەننىڭ ساپ ھاۋاسىدا.

ھېكمەتلىقتا ۋەتەن شەكسىز خىجىل ئەيلەيدۇ لوقماننى،
ھاتەم قالغايمۇ بولماي لال ۋەتەننىڭ خەيرىخاسىدا؟

ۋەتەننىڭ ھەر تېشى مەنچۇن جاناننىڭ مەڭزىدىن ئارتۇق،
گويا ئالتۇن قەدەھنىڭ كۆركى بار تاغۇ - قىياسىدا.

بۇلاقىغا بۇلاق قايىنار دىلىمدا پاك مۇھەببەتىم،
ياشايدۇ بەرق ئۇرۇپ سۆيگۈ ئۇنىڭ ھەر بىر گىياسىدا.

جاھاننىڭ نەغمىسى تىترەپ ئاداشتاي بەلكى ئاۋازدىن،
ئۇنىڭچە يوقمىدۇ سەنئەت ۋەتەن بۇلبۇلگوياسىدا.

ۋەتەن ئىشقى گويا يالقۇنجىدى قەلبىمدە گۈلخان بوپ،
لاۋۇلداپ كۆيسە كۆيدىكى ئەجەل يوقتۇر لاۋاسىدا،

دىلىم يايرايدۇ شاتلىقتىن، بۇ چەكسىز ئىپتىخارىمدىن،
قېنى يوق قايسى بەخت مەندەك ۋەتەننىڭ مەھلىياسىدا؟!

# قەلب سوۋغىسى

(قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ)

**ھوشۇر ئىبراھىم**

ئالەمچە ئىپتىخار-غۇرۇر ئىلكىمدە،
جۇشقۇنلار قەلبىمدىن شاتلىق نەرمىسى.
قوبۇل قىل ئەللىككە كىرگەن مەكتىۋىم،
بۇ نەزمە تويۇڭغا قەلب سوۋغىسى.

× ×

قەلبىمدە ئوت ئالغان مېھرى-مۇھەببەت،
مىسالى فونتاندەك ئېتىلغان لاۋا.
شۇ لاۋا تەپتىدىن ۋۇجۇدۇم سىماپ،
رۇخسارىم جۇلالىق شەپەقتەك گويا.

ھايا جان مەيلىرى قەلبىم جاھىدا-
قىزىل گۈل رەڭگىدەك تۇرار يالقىراپ.
ھېسلىرىم خۇددى بىر قايناغان بۇلاق،
قىيان ئۇ،
چاقماق ئۇ،
زىلال-سۈزۈك ساپ!

نە سەۋەپ ئۇينايسەن ئەي ئوتلۇق يۈرەك،
نەسەۋەپ ساپ مېھرىم جۇشقۇنلۇق ئېقىن؟
نەسەۋەپ قىيانىدەك يامرايدۇ تۇيغۇ،
نەسەۋەپ چاقماقتەك چاقىدۇ چېقىن؟!

سەۋەپكى ئەللىك ياش ئانا مەكتىۋىم،
زەپەرنىڭ تاجىنى كىيىپتۇ باشقا.
شۇ سەۋەپ قەلبىمدە سۆيگۈ دەرياسى،
شۇ سەۋەپ گۈل ئۈمىدۈم نەزمىدىن تاشقا!

× ×

نەۋقىران ياش ئىدىم - كۆكتىكى بۈركۈت،
بىلىمگە ئاشنا قەلبى قاغجىراق.
سەن ئانا مەكتىۋىم بەردىڭ ئۇسسۇلۇق
دىل خانەم تۆرىگە ياندۇرۇپ چىراق.

پارتىيەم بەخش ئەتكەن ئازات زاماندا،
سەن بەردىڭ جىسمىمگە ئالتۇن پەي-
قانات.

سەن بەردىڭ مەرىپەت شەرۋىتى دىلغا،
سەن بەردىڭ شەرەپلىك، مەنىلىك ھايات!

سەن بەردىڭ چولپانىدەك نۇرلۇق كۆز ماڭا،
سەن بەردىڭ ئەل ئارا ئايدەك يۈز ماڭا
سەن بەردىڭ ئۆرلەشكە شىجائەت غەيرەت،
سەن بەردىڭ مۇنبەردە گۆھەر سۆز ماڭا.

شۇ بىلەن مەرىپەت بېغىدا كۆكلەپ،
شۇ بىلەن قېتىلدىم سەپكە-قاتارغا.
شۇ بىلەن گۈلزارنىڭ باغۋىنى بولۇپ،
ئەجرىمدىن گۈل دەستە تۇتتۇم باھارغا.

ئىلمىدىن بىخ سۈرۈپ ئۆمرۈم دەرىخى،
ياقۇترەڭ گۈل - چېچەك ئاچتى ھۆپپىدە.
ياپراقلار بەرگىدە تاڭنىڭ شولىسى،
مىڭلىگە كۆمۈلدى ھەر شاخ غۇچچىدە!

ئوتتۇز بىر باھارنى ئۆتكەزدى بېشىم،
"مۇئەللىم" دىگەن زور شەرەپ-شان بىلەن.
ئاقارتتى چېچىمنى بور توزۇندىسى،
تەربىيەلەپ ئەۋلادنى تەرۋە قان بىلەن.

ئالەمچە ئېيتىمغار، غۇرۇر ئىلكىدە،
جۇشقۇنلار قەلبىمدىن شاتلىق نەزمىسى.
قوبۇل قىل ئەللىككە كىرگەن مەكتىۋىم،
بۇ نەزمە تويۇڭغا قەلب سوۋغىسى!

1985 — يىل، قەشقەر.

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

ئابدىشكۇر مۇھەممەت ئىمىن

## تەشەككۈر

دەرت - ئەلەم بەخش ئەتتىڭ، تەشەككۈر
قىسمەت،
شۇ ئەلەم تۈپەيلى تىنىمىدى ئىلھام.

ھېسداشلىق تۇيغۇسىن بەردىڭ مۇھەببەت،
تەڭ كۆتەر دىگەندەك ئۆزگە بىلەن جام.

ئۆمرۈمنىڭ قەشقەدەك كەلگەن دەرت-ئەلەم،
ئىقبالىم تېگىمغا چىللىدى باھار.

غۇر بەتلىك كۆنلەردە يىلتىزلاپ قەلەم،
مۇكچەيگەن چېچەكتە بوپ قالغاي چىنار.

1985 ـ يىل، ئاپرېل.

## چۈش ئۆزىمۇ ئەينىگى جاھان

گۈل ساتقىلى چىقسام تالاغا،
گۈل خۇمارى كەلدى گۈل بولۇپ.
نەدە جۈرئەت قايتا قاراشقا،
تۇرسا بىر گۈل ئالدىمدا تولۇپ.

ئۇ باقىدۇ گۈلگە، ئەل باقار ـ
بىر ـ بىرىدىن قىزغا قىزغىنىپ.
يۈز يۈرەككە يۈز ئاتەش ياقار،
مىڭ مەغرۇرنى قىلىپ مىڭ غېرىپ.

قالدى گۈلنى چۈشەش ئادىتىم،
چۈش ئۆزىمۇ ئەينىگى جاھان.
كەلدى دېسەم تەنھا ئامىتىم،
ھەممە چۈشتە ئۇ ئىكەن مېھمان.

1985 ـ يىل، 11 ـ ئاپرېل

## تەلۋە بوپتۇ دېمىگىن جانان

تەلۋىلەرچە ئېچىرقاپ سۆيسەم،
تەلۋە بوپتۇ دېمىگىن جانان.
سەندىن ئايرىپ ئۇزاق يىل مېنى،
تەلۋە قىلغان شۇ ئېغىر ھىجران.

سۆيگىن دېگىن، سۆيگەن سۆيگۈنىڭ،
تەلۋە سۆيگۈ سۆيۈپ تۈزەلگەي.
ئۇ تەلپۈنگەن ئىلاھە ئۆزۈڭ،
كۆلەس ۋىسال تەلۋىدەك سۆيسەي.

تەلۋە قىلدى تەلپۈنگەن يۈرەك،
تەلۋىلىكتە مىڭ يىگىتچە ئوت.
تەلۋىلىگىم سېغىنىچىم دېمەك،
ئۆلۈم ماڭا شۇ دەمدە سۈكۈت!

1985 ـ يىل، باھار

## ئۆركەش

يوشۇرۇن سۆيگۈلەر، تۇتۇنسىز ئاتەش،
ئۈستىدە پىشقىنى يۈرەكتىن كاۋاپ.
ئاشكارە سۆيۈشلەر قىلىدۇ ئۆركەش،
يوشۇرۇن سۆيگۈلەر تاپقاندا جاۋاپ.

قاي خاقان شاتلانغان زەپەر ئۈستىدە،
ئاشىقلار «ئۆركەش» دىن شاتلانغىنىدەك.
ھېلىمۇ تىپىرلاپ تۇرار كۆكسىدە،
بىر يىلى، ئارمانغا ئېرىشكەن يۈرەك.

1985 يىل، باھار.

## سۆيگىمۇ تىغ ئاسقان چەۋانداز گويا

تىكەنسىز گۈللەردە نەدە خۇشپۇراق،
سۆيگىمۇ تىغ ئاسقان چەۋانداز گويا.
مەشۇقنىڭ كىرپىگى ئاستىدا ساداق،
ئاشىقنىڭ تىنىقى شۇڭا ئوت دەريا!

تىكەنسىز چېچەكنىڭ كۆڭلى بىئارام،
شۇ تىكەن ۋاقىتسىز يەتكۈزمەس خازان.
نەپرەتسىز مۇھەببەت قۇللۇققا قارام،
ئۆزىنىڭ پوستىدا قۇچقاچمۇ قىران...

يېتىلگەن ئىپتىخار گۈلى مۇھەببەت،
پاك سۆيگۈ رايىشچە تەلۋىلىك ئەمەس.
مۇھەببەت غۇرۇرى شۇ يۈكسەك نەپرەت،
ئۆلۈمدىن بەتتەرەك غۇرۇرسىز نەپەس.

1985 ـ يىل، 9 ـ ئاپرېل.

## سۆيگىنىمنىڭ نوپۇزى

مەڭگۈلۈك خارابە سىياقى گويا،
ھاياتلىق سۆيگۈدىن ئايرىلغان كۆڭۈل.
ئۈنمەگەي ئۇنىڭدا بىر بەرگ، بىر گىيا،
بەئەينى باھارنى سەزمەس دەشتى-چۆل.

ئۆلۈكمۇ تىرىلمەك ئۈمىدىگە يار،
ئەرۋاھلار زەۋقىدە بېھىش خىيالى.
سۆيگۈسىز كۆڭۈللەر ئۆلۈكتىن مىڭ بار-
ئۆلگەندۇر، مىڭ يىللىق قاخشال مىسالى.

قاخشالدىن چىقمىدۇ يالقۇن ۋە لېكىن،
سۆيگۈسىز يۈرەكتە بولماس ھارارەت.
قورامتاش قېتىدا ساقلىنار چېقىن،
سۆيگىسىز كۆڭۈلدە بولماس بۇ خىسلەت.

«سۆي مېنى!» دېمەكلىك ئۇ سۆيگۈ ئەمەس،
سۆيگۈنىڭ نوپۇزى ئۆزگىنى سۆيمەك.
نۇرانە زېمىنسىز مۇھەببەت ئەلەس،
مۇھەببەت ئاتالماس ئۆزگە كۆيمەك.

1985 - يىل 1 - ئاپرېل

## تاغدەك قەددىم ئىلكىمگىدە لەگلەك

ئىشىكىڭدىن كۆپ ئۆتتۈم دىلبەر،
كۆزۈڭنىڭ چەكمىدىم بىراق.
قانچە سىرلىق بۇ ھوزۇر سەپەر،
ئىلھام بولغاچ بىر جادۇ پىراق.

تەندە تىترەك ھەر ئۆتكەن مەھەل،
تاغدەك قەددىم ئىلكىمگىدە لەگلەك.
مەن پەرۋانە، سەن گويا مەشئەل،
بۇ ئەركىسىزلىك ماڭا بولغاچ ئەرك.

كۆزۈڭنىڭ چېكىدۇ بىرسى،
ھەتتا كېتەر قويۇپ گۈلدەستە.
بۆلەك قىزنىڭ مەندىدۇر ئېسى،
مەن يۈرۈيمەن ئۆزگە ھەۋەستە.

# پارچىلار

### غوجى ئەخمەت

ئىنساندا بولمىسا ئېنىق مۇددىئا،
كۆكلىمەس ئۇنىڭ يىل قىلسىمۇ دۇئا.
يىلتىزى ئىنساننىڭ ئوغۇل ۋە قىزى،
ۋەتەن دەپ تۇغۇلسا قىممەت بىباھا.
ۋەتەننىڭ ئاۋرۇيى مېنىڭ ئىززىتىم،
ۋەتىنىم بېخىدۇر مەن بۇلبۇلگويا.

2

ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيمەش،
دېمەك ئۇ، تاتلىقمۇ كېتەر ئۆزگىرىپ.
ئېقىندە، ئىرادە ھەممىدىن كۈچلۈك،
ئۆزگەرمەس بىزدىكى مۇھەببەت چىرىپ.

3

ھۆپۈپنى كىشىلەر دەيدۇ بېخىل قۇش،
ناخشىنى ئېچىگە كەتكەنمىش يۇتۇپ.
بۇلبۇلدەك ئۆتىمەن مەيلى تاجىسىز،
ئەل ئۈچۈن ئىشقىمنى خونچىلاپ تۇتۇپ.

4

يار دېسەم بىر نازىن قىزمىكىن دېمە،
ۋە ياكى سۇ بۇزغان قىرمىكىن دېمە.
يارىتىپ يار دېدىم ساڭا دېمەيمەن،
ئۆزەڭ بىل يار دېگەن يارىغان نېمە.

5
كۆڭگەنمەن مۇشەققەت، جەۋرى-جاپاغا،
چۆمۈلدۈم بۇ يولدا مېھرى - ۋاپاغا.
تاسقىلىپ تۇرمۇشنىڭ ئەگلەكلىرىدە،
قېتىلدىم ئاخىرى كەلدىم قاتارغا.

6
كۆڭۈللۈك ئائىلە خۇددى بىر جەننەت،
ئىناقلىق بىرىدۇ كۈچ - قۇۋۋەت، لەززەت.
سەھەردە ئايرىلسا ئالدىراش خىزمەت،
ئاخشىمى جەم بولۇپ قۇرىدۇ سۆھبەت.

7
قۇرۇلۇش - قۇرماقنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت،
بىر خىشتىن - بىر خىشتىن پۈتەر ئىمارەت.
ئەمگەك يارىتىدۇ ياراملىق زىننەت،
ھورۇنلۇق ئىچىدە ياشايدۇ ئىللەت.
قىل ئىجات، ئىجتىھات، شەرەپلىك مېھنەت،
ياشاپ ئۆت دۇنيادا بولۇپ بى مىننەت.

8
غادايغانلارغا كۆكتە دۇر بېشىم،
مۇلايىملارغا ئۆزۈم ئەۋرىشىم.
قانداق بولسا شۇ بولار باھا،
مېنىڭ ئاخىر قىلغان قىلمىشىم.

9
مەندىكى ئۇلۇغۋار خىسلەت، جاسارەت،
ھەقنى ھەق، ھەقىقەت دىگەن تىلىمىدۇر.
مۇھەببەت ۋەتەنگە چەكسىز ساداقەت،
بايراقىمنىڭ رەڭگىدەك قىزىل قېنىمىدۇر.
بەلگۇ ئۇ، قان ۋە تەر مېھرىۋانلىقىغا،
يەتمەيدۇ قۇرۇق سۆز قەھرىمانلىقىغا.

10
يازىمەن سۆزۈمنى شېرىن شېئىر قىلىپ،
غەزەلخان خەلقىمنى ئۇستاز-پىر قىلىپ،
ياقمايدۇ قۇرۇق سۆز، ھەيۋەتلىك شوئار،
ئېرىتمەي دىللارنى ئۆتسە غىر قىلىپ،

11
ئادەمنىڭ ھۆسنى بىر جۈپ كۆزىدە،
قىممىتى ئورۇنلۇق قىلغان سۆزىدە.
راسلىق زىننەتتۇر، باتۇرلۇق خىسلەت،
جەم بولسا جىلۋىدار ئادەم يۈزىدە.
نادانلىق زەنجىرىنى بىلىم ئۈزىدۇ،
ئادەم بولۇش ھەر كىشىنىڭ ئۆزىدە.

12
ئىشەنچە، ئىناقلىق - دوستلۇق تۈۋرۈكى،
دوست بىلەن چوڭقايغاي ئىنسان يۈرىكى.
بىلىمدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالىدۇ پەقەت،
دانانىڭ يېڭىشچان باتۇر بىلىكى

13
ئەگەر كىم ئويلىسا بورۇن ئۆلۈشنى،
ئۆگەنسۇن كىشىگە قاپاق تۇرۇشنى.
ياشاشنى خالىسا ئەگەر كىم ئۇزاق،
قويمىسۇن كىشىنىڭ يولىغا تۇزاق.

## مەرتلىك سىمۋولى

### خېۋىر تۆمۈر

-«دەيمەن ئۆزەمنى سەيىت نوچى دەپ،
ھەقلىقىمەن ئېيتىم بولغاچقا سەيىت.
دەڭلا سىلەرمۇ "سەيىت نوچى» دەپ،
قالماڭلار كېيىن پۇشمان يەپ، ئىسىت!»
قانچە سورۇندا دىدى بىر ئادەم،
كۆرەڭلىك بىلەن پوچىلىق قىلىپ،
رەت قىلدى بىرسى: "ئەي نادان، ئەخمەق،
سەتلەشمەلە دىدى ئاچچىقى كېلىپ.

قۇرۇق پو بىلەن نوچى بولالماس،
سېيىت ماڭقىمۇ ① ئوخشاش سېيىتقۇ!
سېيىت بولسىلا نوچى ئاتالماس،
قۇرۇق دېگىنى ھامان قۇرۇققۇ!

سېيىت ياشىغان كەمتەرلىك بىلەن،
چوڭىغا - چوڭچە، كىچىككە - كىچىك.
لېكىن،زالىمغا ئىدى ئارسلان،
يوقسۇلغا ياۋاش - مۇلايىم كېيىك.

سېيىت ياشىغان تۇمەن بويىدا،
ئانا سۈيىنى ئىچىپ - سەگىدەپ.
مەرتلىكتىن داستان سۆزلىگەن قوشاق،
ھەر بىر ھەركىتى بولدى ئەلگە لەپ.

سېيىت ياشىغان مۇزات بويىدا،
قانچە رەت ئوتتى بۈركۈتتەك ئۇچۇپ.
نوچى ئاتالدى توققۇز كۈرەدە،
ئىلى شەھرىنى پەشۋادا ئىچىپ.

سېيىت ياشىغان مەنزىل - مەنزىلدە،
يۆلەپ بىچارە غېرىپ - غۇرۋانى.
راسا باپلىغان قاراشە - دەڭلىدە
يەرلىك زومىگەر پورچى - ئەرۋانى.

سېيىت ياشىغان توققۇز بولاقتا،
مادارىن② بىلەن قىلىپ مادارا.
پىسەن قىلماستىن قاپقان - قىلتاققا،
بىلسىمۇ "ماڭ نىلىك نىيىتى قارا.

سېيىت ياشىغان مەردۇ - مەيدانىدا،
مەتتا ئەگەلگەن ئۆلۈم خېتىنى.

نامەرت بولماي دەپ ئۆلۈم ئالدىغا،
كۆكرەكلەر كېرىپ ئۆزى كەلگىنى.

پۇتىدا ئىشكەل، قولىدا كويزا،
مەتتا ھارۋىغا سەكرەپ چىققىنى.
يادىمدا ئۇنىڭ جازا مەيدانىدا،
ھارۋىدىن ئۆزى سەكرەپ چۈشكىنى،

يادىمدا ئۇنىڭ مەردانىلارچە،
مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات دېگىنى.
توخۇ يۈرەكلەر يېقىن كېلىشمە،
كۆكسۈمنى چەللەپ ئاتقىن، دېگىنى!

نوچى ياشىغان ھەققى سېيىت،
مەرتلىك يولىدا كەتسىمۇ ئۆلۈپ.
شۇڭا نوچى دەپ ئاتالدى ئەلدە
تاپىمىغان نامىنى قوي - كالا سويۇپ.

سېيىت ياشىغان قىران بۈركۈتتەك،
چەيلەپ - پاچاقلاپ نامەرت دۇنياسىنى
چاقتى ئايانماي نامەرت كوزىنى،
قوردى مەرتلىكنىڭ كۆركەم بىناسىنى.

سېيىت ياشىغان دەرقەمەننى يۆلەپ،
زوراۋانلىقنى ئورۇپ - كاچاتلاپ.
يوقسۇل دەردىنى شە - شەدە كۈيلەپ،
يوردى زالىمنى مۇشلاپ - پەشۋالاپ!

سېيىت ھاياتى ئەنە ئەشۇنداق،
مەرتلىك بابىدا بەك ئالىجاناپ.
ئۇنىڭ ھاياتى مەرتلىك سىمۋولى،
مەرتلىككە ئۆلگە، مەرتلىككە خىتاپ

---

① «غۇنچەم» دېرامىسىدىكى بىر تىپ
② زالىم ئەمەلدار

# گۇلسۇمنىڭ ئېرى نەگە كەتتى؟



(ھېكايە)

**مۇھەممەت ئىمىن**

ئېيتىڭا، بىراۋ سىزگە بىرەر ئىش توغرۇلۇق شۇنچە ئىشەنچ بىلەن تەكلىپ بەرسە، ئۇنى ئوڭايلىقچە رەت قىلالامسىز؟ ئاپتونوم رايون بويىچە «ئېچىلغان قەھرىمانلار ئۇچرۇشۇش يىغىنى» ئاياقلاشقاندا، ئاخىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىۋى مۇدىرىنىڭ گېپىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل مەكتەپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس ئېچىلغان قىزلار سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرىدىكەن. شۇلارغا دىپلو رازۋىت قىلىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدىكەن. ئۆزەم ئايال بولغانلىقتىنمۇ، بۇ مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم ئەندىشىدىن خالىي ئەمەس ئىدى: نېمىشقا دېسىڭىز، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن ئەمەلىي ئىشلەش بىلەن ناتىقلىق باشقا - باشقا ئىش دەپ خۇلاسە چىقىرىۋالغان ئىدىم. راست ئەمەسمۇ، بەزىلەر ئىش دېگەننى گۈل كەلتۈرۈپ ئىشلەيدۇ. لېكىن سۆزلەشكە كەلگەندە تىلى تۇتۇلۇپ، خۇددى سالاپەتلىك قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىدا ياتسىرىغان يېڭى كېلىنچەكلەردەك ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدۇ، تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى يەنە بەزىلەر قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسىمۇ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدۇ، ھەتتا رەڭگا - رەڭ سۆز ئۈنچىلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چېچىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىر باراي، قالغىنىنى مۇنبەرگە چىققاندا كۆرەمدىمەن... ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە قىلچە ئىككىلەنمەيلا، مەكتەپ مۇدىرى ئەۋەتكەن جېپقا ئولتۇردۇم.

ماشىنا ئۇچقاندەك شەھەر سىرتىدىكى مەكتەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قەلەپ دولقۇنلىرىدىمۇ ماشىنىنىڭ چايقىلىشىغا ئەگىشىپ داۋالغۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمدىن ئۆز قولۇم بىلەن ئىشلىگەن ھەر خىل دېلولار چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكىلى تۇردى. زادى قايسىنى سۆزلىسەم بولار؟ ماشىنا تۇيۇقسىز قاتتىق تورمۇزلىنىۋىدى، شوپۇر ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ كەينى يۆلەنچۈكىگە ئۇسسۇپ تاشلاپ، ئىختىيارسىز پېشانەمنى سىلىدىم. قولۇمغا ئۇرۇنغىنى ئىششىپ چىققان ھۆررەك بولماستىن، تەلۋە يىللار قالدۇرغان تارتۇق بولدى. كۆڭلۈم ۋالىلدە يورۇپ كەتتى، توغرا، ئۇلارغا مۇشۇ نەگغا مۇناسىۋەتلىك ھېلىقى ئاجايىپ دېلونى سۆزلەپ بېرەي. ھېچبولمىسا بۇ ھېكايەم خىلمۇ - خىل ئادەملەر تامچىسىدىن ھاسىل بولغان جەمئىيەت دېڭىزىغا قولۋاق سېلىش ئالدىدا تۇرغان تەجرىبىسىز قىزلارنى دەھشەتلىك دولقۇنلاردىن باشقا، يەنە يوشۇرۇن خادا تاشلار، ئېرىتقۇلۇق بورانلار ۋە سىرلىق قايناملارمۇ بار دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا ياراپ قالار...

1

1978 - يىل، قىش.

نىياز قولغا ئېلىنىپ، خىزمىتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى ئويۇم بالايى - ئاپەت يالقۇنىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن دېلونى قايتىدىن ئىشلەۋېتىش بولدى. مەيلى تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان چاغلاردا بولسۇن ياكى ئىدارىمىزنىڭ ھاجەتخانىسىنى تازىلاپ «ئۆزگەرتىلىۋاتقان» كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى يىراق بىر كەنتكە پالىنىپ، تولۇق چاپقان زىمىستان تۈنلەردە بولسۇن ياكى «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى» دە پادا باققان تومۇز ئايلىرىدا بولسۇن، بۇ دېلودىكى غەلىتە كۆرۈنۈشلەر زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ھەتتا بەزىدە ھېرىپ - چارچاپ، ئۇستىخانلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان چاغلاردىمۇ بۇ دېلونى قانداق قىلىپ قايتا ئىشلەش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن خالىي بولالمايتتىم. تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن شۇنداق پۇرسەت ئاران يېتىپ كەلگەندە، باشقىچە خىياللاردا بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۈگۈنى مەن بىلەن تەڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ئاكىغا ئېيتىۋىدىم، ئۇ ئارسالدى بولغان ھالدا دېدى:

— ئاۋال داۋالىنىۋالسىڭىز بولارمىكىن، قالغان گەپلەرنى كېيىنچە دېيىشەرمىز.

— مىجەزىمنى ئوبدان بىلىسىزغۇ، ياقۇپ ئاكا، — دېدىم يېلىنىپ، — بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىممۇ، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە...

— بىلىمەن، كۆزىڭىزگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، — دېدى ياقۇپ ئاكا چاقچاق تەلەپپۇزىدا، — شۇڭا ئۇستىخىنىڭىزدا بىر تېرە - بىر سۆڭەكتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغاندە!

ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قادىلىپ تۇرغان مېھرىۋان كۆزلىرىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. دېمىسىمۇ بېشىمغا كەلگەن دەرت - ئەلەم مېنى جىسمانىي جەھەتتىلا ئېغىر نابۇت قىلىپ قالماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىمۇ قاتتىق ئازاپلاپ، ئۈمىدسىزلىك گىرداۋىغا يېقىن ئەپكېلىپ قويغان ئىدى. كۆرەش قىلىش يىغىنى ئۈزۈلمەي ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە، 10 يىلدەك بىر

ئۆيىمىنىڭ دەردىسىنى تەڭ تارتقان، تاغدەك ئىشەنگەن يولدىشىم، ئىمىيازنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەندىن "چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋالدى" ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى بالىنى ئېلىپ، ناھىيەدىن ئوبلاست مەركىزىدىكى قايسىبىر ئىدارىغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ "كۆرسەتكەن خىزمىتى" ئۈچۈن بېرىلگەن "ئالىي ئىنئام" دۇر (بۇ پەقەت مېنىڭ پەرىزىم، خالاس. خاتا بولسا ئەپۇ سورايمەن). شۇنداقتىمۇ مەن ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئەجەل غارىدىن ساق يېنىپ چىقتىم. شۇ كۈنلەردە ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن كۈچ، غايىۋانە ئىستەك مېنىڭ مەردانىلىق بىلەن ياشىشىمغا مەدەت بېرەتتى. دەسلەۋىدە بۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىدىم. كېيىنچە بۇنىڭ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى خەلقىمنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۆز كەسپىمگە بولغان چىن سۆيگۈ - ئىشتىياق ئىكەنلىكىنى بارا - بارا چۈشىنىپ يەتتىم.

ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرغانلىقىمنى كۆرگەن ياقۇپ ئاكا نائىلاج ماقۇل بولدى ۋە "سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ!" دەپ قايتا - قايتا جېكىلىدى.

× × ×

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا ئەخمەتنى ئېلىپ ئايدىڭكۆل① گە يېتىپ كەلدىم ۋە گۈلسۈم بىلەن نامەتنىڭ توي قىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. لېكىن بۇ ئىشتىن ھېچقانچە ئەجەپلىنىپ كەتمىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، دۇنياغا سېسىق نامى پۇر كەتكەن ھېلىقى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا ئادەمنىڭ چۈشىگە كىرىپ باقمايدىغان قايسى ئىشلار يۈز بەرمىدى؟! بولۇپمۇ "ئەكسىل ئىنقىلابچى" دېگەن يوغان قالپاق كەيدۈرۈلۈپ تارتىپ چىقىرىلغان ساقچىنىڭ ئىشلىگەن دېلوسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش "خاتا" دەپ قارىلىنىشى، شۇنىڭغا "مۇناسىپ" ھالدا بۇ دېلوغا چېتىشلىق جىنايەتچىلەرنىڭ "ئۇۋال قىلىنغان"، "بىگۇناھ" دەپ ئاقلىنىشى تۇرغانلا گەپتە! شۇڭا گەپنى سوزمىغىنىم ياخشى. بىراق شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، بۇ چىگىش دېلونى ئىككىنچى قېتىم جىددىي ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، بۇ ئىشتىكى مۇھىم بىر شەخس - نامەتنىڭ تۇيۇقسىز كۆمۈر ئىسسىقى بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. كۆپ تەرەپلىمە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، گۈلسۈمنىڭ ئۇنى ئۆز سىرىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنداق قىلىپ بۇ دېلودىن ئاخىرقى يەكۈن چىقتى. پولاتتەك دەلىل - ئىسپات ئالدىدا ئۆز جىنايىتىنى بىر - بىرلەپ تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان گۈلسۈمنىڭ چىرايىغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم. ئۇ پېشانىسىگە چۈشكەن ئاندا - ساندا قورۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنىلا بۇرۇنقى ئىسكەتىدىن كەتمىگەن ئىدى. لېكىن شۇنداق ئايدەك گۈزەل چىرايى بار بىر ئايالنىڭ كۆكرىكىگە چاياندەك زەھەرلىك يۈرەك ئورناشقانلىقىغا كىممۇ ئەقلى يېتەتتى دەيسىز؟ ئەمدى گەپنى باشتىن، بۇ دېلونى بىرىنچى قېتىم ئىشلىگەن چېغىمدىكى "گۈلسۈمنىڭ ئېرى نەگە كەتتى؟" دېگەن تېمىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ...

2

1967 - يىلى . ياز .

رازنۇشت بۆلۈم بوسۇغىسىغا قەدەم قويـ-

① ئايدىڭكۆل — جاي نامى

ماستىنلا ياقۇپ ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم. ئۇ كۆرۈۋاتقان بىر دۆۋە ماتېرىيالنى شىرەنىڭ چېتىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە كۆزەينىكىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇردى:

— ھازىرلا يولغا چىقمىسىڭىز بولمايدۇ، پاتەم، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — جاپپارغا ئەھۋالنى مەن ئېيتىپ قويىمەن، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ!

مەن شۇ ھامان ئۆزۈمگە قوشۇپ بېرىلگەن ئەخمەت بىلەن نىيازنى ئېلىپ، ئايدىڭكۆلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئالا ھەزەل قوزا چۈش بىلەن چېگرىغا يېقىن بىر كەنتكە يېتىپ كەلدۇق ۋە ئاۋال دېلو يۈز بەرگەن ھويلا ئەتراپىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە كىرىشتۇق. قوناقلىقتىن ھويلىنىڭ پاكار تېمى يېنىغىچە چۈشكەن چورۇقلۇق بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان چوڭقۇر ئاياق ئىزى دەرھال بىزنى جەلپ قىلدى. ھويلىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئاياق ئىزىنىڭ تاكى دالان ئىشىكىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى بايقىدۇق. ئالاقىزادىلىق ئىچىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچقانىدا قالدۇرغان ئېنىق ئاياق ئىزلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېچىچە يامغۇر توختىغاندىن كېيىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئەخمەت بىلەن نىيازنى ھويلا ئارامنى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزەم ئۆيگە كىردىم.

ئۆيدە بىر ئايال قىپ-يالىڭاچ ھالدا دالان تۈۋرۈكىگە چەمبەرچەس باغلىۋېتىلگەن ئىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، كاتنىڭ لىۋىگە چۈشكەن بارماق ئىزى، بوسۇغا يېنىدىكى پوپۇس توپىدا قالغان باجگىغىر ئىزى ۋە نەپىس كەشتىلەنگەن بىر تاماكا خالتىسىدىن باشقا گۇمانلىق بىر نەرسە سەزمىگەندىن كېيىن، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننى سۈرەتكە تارتىۋالدىم-دە، ئايالنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويۇلغان لۇڭگىنى ئېلىۋەتتىم. ئۇزايىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بۇ ئايال بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنى باغلاقتىن بوشاتقاچ شۇنچە ئىنچىكىلەپ سەپسالغان بولسامۇ، پۈتۈن ئەزايىدا تانا قالدۇرغان ئىزدىن باشقا ھېچقانداق زەخىملەنگەن يەر كۆرۈنمىدى. كىيىملىرىنى تاشلاپ بېرىۋىدىم، بىر ھازاغىچە زادىلا ئۇۋشاپ كىيەلمىدى، لاغىلداپ تىترىگىنى تىترىگەن، نائىلاج ئۆزەم كەيدۈرۈپ قويۇشقا توغرا كەلدى.

— ئەمدى كىرىڭلار! — دېدىم ھويلىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئەخمەت بىلەن نىيازغا قاراپ.

— قانداق، پاتەم ھەدە، يىپ ئۇچى باردەكمۇ؟

”ئۇگەنگەن كۆڭۈل ئۆرمە پىشقىچە» دېگەندەك، ئەخمەت مۇشۇ يەردىمۇ ئالدىراڭغۇلۇقىنى قىلماي قويمىدى.

مەن مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ، ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم.

ئۇلارمۇ ئۆيگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەھۋال ئىگىلەشكە كىرىشتۇق:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— گۈلسۈم.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئانامنىڭ ئېيتىشىچە قوغۇن پىشىشىدا تۇغۇلۇپتىكەنمەن، يىگىرمىگە كىردىمىكى ... ئۆزەممۇ تازا ... — ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ

قالدى. ئۇزا يېتىپ قارىغاندا يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىزلەرگە كىرگەندەك تۇراتتى.

— سىزنى بۇ يەرگە كىم باغلاپ قويدى؟

— ئېرىم.

— ئېرىڭىز كىم؟

— مامۇت يۈۋاش.

— نېمىشقا باغلاپ قويدى؟

ئايال جاۋاپ بېرىش ئورنىغا ھۆڭكۈرەپ يىغلىغىلى تۇردى. خېلى ئۇزۇنغىچە چۈشەندۈرگەن بولسامۇ، يىغىسىنى توختىتالىدىغاندەك ئەمەس. ئەرۋاھىم ئۇچۇپ، قاتتىغراق گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئەخمەت:

— يىغىڭىزنى قويۇپ، سوئالغا جاۋاپ بېرىڭ! - دىدى كەسكىن تۇردە.

ئۇ چۈچۈپ كىتىپ، شۇ ھامان يىغىسىنى توختاتتى - دە، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:

— ۋەتەن خائىنىنىڭ ئايالى دىگەن ئاھانەتكە قالغىچە بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدى، ھەي، شور پېشانەم، دىدى.

— نېمە ئىش؟ تەپسىلى سۆزلەڭ!

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى كىرىۋاتقاندەك ماڭا لاپپىدە بىر قاراۋالدى - دە، ئىسسەدەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندىن بۇيان ئۇ ھەر كۈنى دىگىدەك: "جېنىم گۈلسۈم، بۇ يەردە جاپا چەككەندىن كۆرە، چەتكە چىقىپ كېتەيلى، ئۇ يەردە تۇرمۇش دىگەن بەكمۇ ياخشىمىش ..." دەپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىپ كەلدى. ئۇ نىمىدىم، يالۋۇردى، چۈشەندۈردۈم. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپمۇ تۇرغان. تۈنۈگۈن نېمە بولدى، بىلمىدىم، ئەسلى ناھىيە بازىرىدىكى تاغىسىنىڭكىگە كەتكەن ئادەم تۇيۇقسىز ئېغىر ياتقۇدا قايتىپ كېلىپ: "ئەمدى مەن بىلەن بىللە ماڭمايدىغان بولساڭ، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!" دەپ قورقاتتى. مەن: "ئۆلسەممۇ ۋەتەنىدىن يۈز ئۆرۈمەيمەن، ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر، چەتئەلدە خارلىنىپ يۈرگەندىن ئۆلۈگۈم مۇشۇ يەردە قالغىنى ئەۋزەل!" دىدىم. ئۇ ئاچچىغىدا بەس كەلەلمەي مېنى بوتقاندىن تارتىپ چىقىرىپ، سۆڭگەچلىرىگە نەچچىنى دەسسىۋەتتى، كېيىن ئۇ تەشكىلگە مەلۇم قىلىپ قويىشىمدىن ئەنسىرەپ، مېنى مۇشۇ تۈۋرۈككە چىڭ باغلاپ، ئاغزىمنىغا لۆڭگا تىقىپ قويدى، ئاندىن ...

— ئاندىن نېمە قىلدى؟

— ئاندىن "ئىت ئۆلۈمىدە ئۆل!"، دەپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— قاچان چىقىپ كەتتى؟

— يېرىم كېچە بولغانمىدىكىن ...

— ئۆيدىن نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدى؟

— نان ئالدىمىكىن - تاڭ.

— كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— جان قايغۇسىدا تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمەپتىمەن.

— سىلەر ئۆي - ئوچاق قىلىشىق بولغىلى نەچچە يىل بولدى؟

— بەش يىل.

— بەش يىلدىن بۇيان ئۇ سىزگە چەتكە قېچىپ كېتىش توغرۇلۇق قۇتراتقۇلۇق قىلىپ كەلدىمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق تەشكىلگە مەلۇم قىلمىدىڭىز؟

— بۇنى ئېيتسام ئۆزەمگەمۇ سەت، شۇڭا كېيىنچە نىيىتىدىن يېنىپ قالار دەپ ···

مەن توساتتىنلا تاماكۇ خالتىسىنى چىقاردىم — دە، ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ جىددى يوسۇندا سورىدىم:

— بۇ كىمنىڭ؟

كۆتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن گۇلسۇمنىڭ ئەمدى ئەسىگە كېلىشكە باشلىغان چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ھودۇقىشىدىن يوغان كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتەي دەپلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئېرىمنىڭ ··· مامۇت يۇۋاشنىڭ ···

— راستمۇ؟

— يالغان گەپ قىلسام ئۆلەي! — ئۇ گويا چاندۇرماسلىققا تىرىشقاندەك، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئالدىغا تاشلاۋېتىپ، خىجىل ئارىلاش قوشۇپ قويدى:

— توي قىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن كەشتىلەپ بەرگەن.

مەن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— دەيدىغان يەنە باشقا گەپلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— يوق.

بۇ چاغدا كۆڭلۈمدە بۇ دېلونى قانداق ئىشلەشنىڭ دەسلەپكى پىلانى پىشىپ قالغاچقا، كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي شۈمشۈيۈپ تۇرغان گۇلسۇمدىن سورىدىم:

— ئېرىڭىزنىڭ كونا كىيىملىرى باردۇ؟

ئۇ ھېچقانچە ئويلانمايلا ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغان كۆرەك جۇۋىنى ئالدىمغا تاشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال ئىگىلەشنى ۋاقىتىنچە شۇ يەردە توختاتتۇق. مەن ئەتىرەت ئىشخانىسىدىن ياقۇپ ئاكىغا تېلېفون بەردىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ دوكلاتىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن جىددى تۇردە، — دەرھال ئامىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھۋال ئۇقۇشۇشقا كىرىشىڭلار، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىڭلار، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تايىنىڭلار، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھەممۇ ھەر قايسى چېگرا پونكىتلىرى بىلەن يوللارنى قامال قىلىش توغرىسىدا ئالاقىلىشاي، ئاپشاركا ھازىر باشقا بىر ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتىدۇ. ئۇنى ئەتە تاڭ سەھەردە يەتكۈزۈپ بېرەلەيمەن ···

3

"گۇلسۇمنىڭ ئېرى زادى نەگە كەتتى؟" بىر كېچە كىرپىك قاقماي بۇ سىرنى قانداق يېشىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋەگەچكىمۇ، تاڭ ئاتارغا يېقىن چېكىلىرىم لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى.

ئامىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋال گۇمانىمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بولسا، ياقۇپ ئاكىدىن ئاخشام كەلگەن تېلېفون پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، يېقىندىن بۇيان چېگرىدا چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن، ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز ئىككىنچى تۈرلۈك ئېھتىمالغا ئۈمىت باغلىماي، پۈتۈن دىققەت — ئېتىۋارىمىزنى نەق جىنايى پاكىتنى قولغا چۈشۈرۈشكە قارىتىش ئىدى. غۇۋا شام يورۇقىدا ئېگىكىمنى تۇتۇپ ئولتۇرىمەن. ھە دېسىلا گۇلسۇمنىڭ زىددىيەتلىك ئىقرارى، ئامىنىڭ ئىنكاسى كۆڭلۈم ئېكرانىدا چاق-

ماق تىزلىگىدە ئۆتۈپ تۇرىدۇ:

..............................

— سۆڭگەكلىرىگە نەچچىنى دەسلە-
ۋەتتى ...

— ئەمسە، قېنى ئۇ جاراھەت ئىزلىرى؟

— بۇ ... ھەي تاغەي ... بىلمىدىم...

..............................

— بىز مامۇت يۇۋاشنىڭ تاماكۇ چەك-
كىنىنى زادىلا كۆرمىگەن، تاماكۇ چەكمەي-
دىغان ئادەم تاماكۇ خالتىسىنى نېمە قىلار؟

— مامۇت يۇۋاش ۋىجدانلىق ئادەم،
ئەل-يۇرتىنى سۆيىدۇ. گەپتىن گەپ يوق
ئۇنى ۋەتەندىن يۈز ئۆرىدى دېسە، تازا
ئېقىلغا سىغمايدۇ!

— ھەي، "يۇۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە"
دېگەن گەپمۇ بار، ئادەمنىڭ ئىچىگە كى-
رىپ چىققىلى بولمايدىكەن، بىر نېمە
دەپ بولمايدۇ جۇمۇ!

— شۇنداقتىمۇ ئويلاپ باقسىلا مەسىلەن،
مامۇت يۇۋاش بەش يىل قۇترىتقۇلۇق
قىلسۇن، كۈلسۈم ھورىنى چىقارماي بەش
يىل سىر ساقلىغان بولسۇن، ۋاي قۇۋۇرغا-
مەي، شۇنچىلىك ئاغزى ھەم خوتۇنمىدى
ئۇ!

— ھە، راست، بۇ تېخى ئاشنىسى بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈپ مامۇت يۇۋاشنى غىپپىدە
ئوجۇقتۇرىۋەتتىمۇ-يە؟! ...

— شۇنى دېمەكچىدىغان، بۇ ئىشنى ئۇمۇ
سەزمەي، بۇمۇ سەزمەي، بىرىنچى بولۇپ
مۇسا قىمىرونىڭ سىزىپ قالغىنى قىزىق!

— ھەقىچان ئۆزلىرىنىڭ پاش بولۇپ
قېلىشىدىن قورقۇپ، "سەن تاز دېگىچە
مەن تاز دېۋالاي» دېگەندۇ!

..............................

تۈنۈگۈن تاكى ئېقىر ياتقۇزغىچە ئاما-
ما تېپىپ بەرگەن يىپ ئۇچىغا يېڭىدىن
تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ئەھۋاللارنى قو-
شۇپ، بىر-بىرلەپ مۇزاكىرىگە قويدۇق،
تەھلىل قىلدۇق، پىكىر يۈرگۈزدۇق. ئەخ-
مەتچە بولمىدىغان بولسا، كۈلسۈم بىلەن
مۇسا قىمىرونى ئاللىقاچان قولغا ئالغان
بولاتتى. لېكىن مەن گۇرۇپپىمىزنىڭ ۋا-
قىتلىق مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن
بۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلمىشقا قوشۇلمى-
دىم. دەرۋەقە، كۈلسۈمنىڭ ئىقرارى شۇن-
چە زىددىيەتلىك بولغان، چاندۇرىدىغان جاي-
لىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغاننىڭ
ئۈستىگە مۇسا قىمىرونىڭ قىلمىش-ئەت-
مىشلىرىمۇ شۇنچىلىك گۇمانلىق ئىدىكى،
كىشىدە ئىختىيارسىز "مامۇت يۇۋاشنى
قەستلىگەن جىنايەتچىنىڭ نەق ئۆزى
شۇمىكىن" دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ
قوياتتى.

ھازىرغىچە بويتاق يۈرگەن مۇسا قىمى-
رونىڭ ئىقرارىچە، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ
كۈلسۈم بىلەن غەيرى نورمال
مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.
دېلو يۈز بېرىشتىن بىر كۈن
ئاۋال ئۇ مامۇت يۇۋاشنىڭ ناھىيە بازى-
رىدىكى تاغىسىنىڭكىگە بارىدىغانلىقىنى
ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرال-
ماي، كۈلسۈمنى تېپىپ، "بۈگۈن كېچە ئۆ-
يۈڭگە كېلىمەن، كۈتۈپ تۇر!" دېگەن. بى-
راق ئويلىمىغان يەردىن كۈلسۈم بۇ قېتىم
ئۇنىڭغا: "بۈگۈندىن كېيىن بوسۇغامغا ئاياق
باسقۇچى بولماڭ!" دەپلا كېتىپ قالغان.
بۇرۇن ئۆزلىكىدىن ئىز دەپ كېلىدىغان كۈل-
سۈمنىڭ بۇ غەيرى قىلمىشى مۇسا قىمىرو-
دا قاتتىق گۇمان پەيدا قىلغان. ئۇ كۆنلەش
ئوتىدا ئۆرتىنىپ، بىر كېچە كىرىپ قاق-

ماي چىققان. تاڭ ئاتارغا يېقىن يامغۇر
توختىغاندا، «يېڭى ئاشنا تۇتقان بولسا
بىر ئەدىۋىنى بېرىپ قويماسمۇ» دېگەن
ئويغا كېلىپ، گۈلسۈمنىڭ ئۆيى ئالدىدى-
كى قوناقلىقتا مۈكۈنۈپ ياتقان. لېكىن تا
كۈن چىققىچىلىك گۈلسۈمنىڭ ئۆيىدىن بى-
رەر ئادەمنىڭ چىققان سايىسىمۇ كۆرۈن-
مىگەن. مۇسا قىسرۇ ھەيران بولۇپ، پا-
كار تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشۈپ،
ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن دالانغا بىر قاراپلا
قورققىنىدىن ۋاقىرىۋېتىشكە تاس قالغان.
ئۇ بۇ ئىشنى دەي دېسە ئۆزىگە كونا ئار-
تىلىپ قېلىشتىن، دېمەي دېسە مەسئۇلىيەت-
نىڭ سوراشتۇرۇلۇشىدىن قورق-
قۇپ، بىر ھازىغىچە بىر
قارارغا كېلەلمىگەن. ئاخىرى يەنىلا
راستىنى قىلغىنىم تۈزۈك دېگەن يەرگە
كېلىپ، كۆرگەنلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە
دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىغا مەلۇم قىلغان...

ئۇلار ئېھتىمال ئاما ئېيتقانىدەك، ما-
مۇت يۈۋاشنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنىدىن كې-
يىن، ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇپ قېلىش
ئۈچۈن شۇنداق ساختا كۆرۈنۈش پەيدا
قىلىپ، بىزنى ئالدىماقچى بولغاندۇ ياكى
مۇسا قىسرونىڭ ئېيتقانلىرى
ھەر ھالدا يالغان
ئەمەستۇ. بىراق، مەيلى قانداقلا بولمى-
سۇن، دېلو ئىشلەشكە ئاللىقانداق پەرەز،
مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىقرارىنى ئە-
مەس، بەلكى دەلىل - ئىسپات، ھەق جى-
نايى پاكىتنى ئاساس قىلىش كېرەك -تە!
بۇنىڭ ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغانلىكى
چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپمۇ كۆردۇق.
گۇمانلىق دەپ قارالغان مۇسا قىسرۇ باش-
لىق بىر قانچەيلەننى بىر - بىرلەپ ئەل-
گەكتىن ئۆتكۈزۈپمۇ باقتۇق. لېكىن تەك-
شۈرۈش نەتىجىسى مەسىلىنى تېخىمۇ چى-
گىشلەشتۈرۈۋەتتى. ھويلىنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىدىكى ئاياق ئىزلىرى مۇسا قىسرۇ-
نىڭ بولغان بىلەن دالان بوسۇغىسى يې-
نىدىكى توپىدا قالغان باجگىغىر ئىزىمۇ،
كاتلىۋىگە چۈشكەن بارماق ئىزىمۇ، تا-
ماكۇ خالتىسىمۇ ئۇنىڭ ياكى باشقا گۇ-
مانلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەس ئىدى. سىرت-
تىن كەلگەنلەرنىمۇ تاشلاپ قويمىدۇق، ئەل-
ۋەتتە. يېقىندىن بۇيان بۇ كەنتكە شۇن-
داق ئادەمدىن پەقەت ئىككىسىلا كەلگەن،
بىرى كەلپىندىن ئوغلىنى يوقلىغىلى كەل-
گەن نىساخان ئاچا، يەنە بىرى پوسكامدىن
تاغىسى توختىنىڭكىگە كەلگەن نامەت جې-
لىل ئىدى. تەكشۈرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن
شۇ كۈنى ئۆيىدىن باشقا يەرگە چىقمىغان
50 ياشلار چامىسىدىكى نىساخان ئاچىنىڭ
بۇ دېلوغا چېتىلىپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يى-
راق دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. نامەت
بولسا دېلو يۈز بېرىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن
كېتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىممۇ
ئۇنىڭ گۈلسۈم بىلەن باردى - كەلدىسى
بارلىقىنى سەزمىگەن. شۇنداقتىمۇ مەن تې-
لېفون بىلەن ناھىيىلىك ئۇزۇن يولۇق
ئاپتوۋۇز بېكىتىدىن ئۇقۇشۇپ كۆرسەم،
ئۇنىڭ راست دېگەنىدەك شۇ كۈنلۈك بېلەت-
نى ئالغانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، ئۇ-
نىڭدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان ھېچقانداق ئا-
ساس تېپىلمىدى. ئەخمەت ئۆز كېپىدەچىلىك
تۇرتۇۋېلىپ، گۈلسۈم بىلەن مۇسا قىسرۇغا
پارتىيە سىياسىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن
چۈشەندۈرۈپ، قايتا-قايتا سوراق قىلىپمۇ
باقتى. لېكىن ئۇلاردىن ئادەمنىڭ دىققەت-
ئېتىۋارىنى قوزغىغىدەك بىرەر ئېغىز يېڭى

گەپ ئالالماي، تىرىككىنىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن «قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش»ۋاسىتىسىنى قوللانماقچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنى جەددى تەنقىتلىدىم. ئۇ ئۇۋال بولغان قىياپەتتە «ئەممىسە قانداق قىلغۇلۇق؟» دىگەندەك بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ، شۈمشۈيۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

لېكىن نىيازنى گەپكە كۆندۈرمەك ھەممىدىن تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ ھەدىسىلا ئۆزىنىڭ «ماھۇت يۇۋاش چەتكە قاچقان» دىگەن پىكرىنى ئاقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. جىمغىنا ئولتۇرماس بىر تالاي «دەلىل-ئىسپات»لارنى كەلتۈرۈپ قۇلاق - مېڭەمنى يەيتتى. ئەھۋالنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرسەممۇ قۇلاق سالغىنى كەلمەيتتى. قىزىپ كەتكەندە ئۆزىنى تۇتالماي بىمەنى گەپلەرنى قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ماڭا سىياسى قالپاق كەيدۈرۈپمۇ قوياتتى، ئاخشاممۇ مۇزاكىرە ئاپاقلاشماستىنلا قېيداپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كېتىپ يېتىۋالدى...

شام ئۇپۇقنى قاپلاشقا باشلىغان تاڭ شەپىغى قىزىللىقىدا تېخىمۇ غۇۋالىشىپ كەتتى. مەن خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ، شامنى پۈۋلەپ ئۆچەردىم - دە، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقتىم.

4

دىڭ قۇلاق، جىمگەررەڭ تۈكلۈك ئاپشاركا كورەك جۇۋىنى ئۇزاققىچە پۇرىدى ۋە بىرىدىنلا بېشىنى كۆتىرىپ، ئاسمانغا قاراپ قاۋدىۋىتىپ، چىم بېسىپ كەتكەن قوناقلىقنىڭ قىرىنى بويلاپ شەرققە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئالاھىزەل يېرىم سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان بىزگە قاراپ قاۋاپ قويۇپ، يەرنى تاتىلاشقا باشلىدى. يېتىپ كېلىپ قارىساق، قىردىن تېپ-يىلىپ كەتكەن ئاياق ئىزى ۋە پاتقاقتا سۇغۇرۇلۇپ چۈشۈپ قالغان بىر پاي باجىگەر تۇرۇپتۇ. ئۇلۇشكۈن كېچە بىسەمەل ياققان ياغمۇر جىنايەتچىنىڭ يۇمشاق توپا، چىملارغا چۈشكەن ئاياق ئىزلىرىنى پاك - پاكىز ئۆچۈرىۋەتمىشكە قادىر بولغان بولسىمۇ، پاتقاقتا چۈشۈپ قالغان باجىگەرنى كۆزدىن يوقۇتۇشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. باجىگەرنى قولۇمغا ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئاپشاركا ئۆز خىزمىتىدىن مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ مەغرۇرانە قىياپەتتە يولنى داۋاملاشتۇردى. يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن تېگى يوق جاي دەپ ئاتالغان سايلىق بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاپشاركا ئۇيان پۇراپ، بۇيان پۇراپ، ئۇستى كۆۋۈكلۈشۈپ تۇرغان بىر جايغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەگەر بىز چاققانلىق بىلەن ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالمىغان بولساق، ئېھتىمال سايلىق ئۇنى ئاللىقاچان يۇتۇپ كەتكەن بولاتتى. پۈتۈن ئەزايى لايغا مىلەنگەن ئاپشاركا سىلكىنىۋىتىپ، سايلىققا قاراپ توختىماي قاۋاشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاتىل ماھۇت يۇۋاشنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ چۆكتۈرىۋەتكەن بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ جەسىدىنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېلىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن قىلچە ئىككىلەنمەيلا گورۇپپىمىزدىكىلەرنى باشلاپ ئۇدۇل نامەتنىڭ تاغىسى توختىنىڭكىگە كەلدىم.

— بۇ نىڭغا نىمە دەيسىز كىن! - دىدىم مەن توختىنىڭ ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىقتەك تىكىلىپ - ئېھتىمال بۇ باجىگەرمۇ نامەتنىڭ ئەمەستۇ؟

ئۇ باجىگەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇيان - بۇيان

سىلاشتۇرۇپ، كۆرۈپ بىردىنلا تانىپ كەتتى.

— ئامەت... ئامەتكە ئىمە بوپتۇ؟...

— ئاۋال سورىغان سۇئالغا جاۋاپ بېرىڭ! — دېدىم يەنە ئاۋازىمنى قاتتىقراق چىقىرىپ كەسكىنلىك بىلەن، — بۇ ئاياق زادى ئامەتنىڭمۇ — ئەمەس؟

— ھە ئە... شۇنىڭ... — دېدى ئۇ كالۋالاشقان تىلىنى ئاران مىدىرلىتىپ، — ماگاشىدا باجگىرنىڭ يىرتىلغان بۇ يىرىگە ئۆز قولۇم بىلەن ياماق سېلىپ بەرگەن ئىدىم، — شۇ تاپتا توختىنىڭ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى سېپتا سېلىنغان ياماق ئۈستىدە ئاستا مىدىرلىماقتا ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، توختىكا! — ئاۋازىم شۇنداق مۇلايىم چىقتىكى، بۇنىڭدىن ئۆزەممۇ ھەيران قالدىم. بايا ئۇنىڭغا قىلغان قوپاللىقىمدىن خىجىل بولۇپ قالغان بولسام كېرەك، ئىختىيارسىز ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم، — خىزمىتىمىزگە كۆپ ياردەم بەردىڭىز، سىزنى رەنجىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن، كەچۈرۈڭ!

— يوقسۇ!.. دېدى ئۇ بىلىنەر — بىلىنمەس لېپىلداۋاتقان يىرىك كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ، — ئۆزەمدىن ئۆتتى، ئۆزەمدىن...

خۇشلۇشۇپ يېنىپ چىقىۋاتقىنىمدا، توختىكام تۇساتتىن مېنى چاقىرىپ قالدى.

— توختىسىلا، سوجاڭ، — دېدى ئۇ مېنى بىر يانغا تارتىپ، — تاماكۇ خالتىسىمۇ ئامەتنىڭ ئىدى. تۈنۈگۈن مەندىن سورىغان چاغلىرىدا شۇ بالىنىڭ بېشىغا بىر بالا كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم يالغان گەپ قىلىپ قويغانىدىم، لېكىن كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمىدى. "قاراپ تۇرۇپ ھۆكۈمەتنى ئالداپ قويـدۇمغۇ" دەپ خىجىللىق ئىچىدە ئۆلگىدەك بولدۇم...

ھاياجاندىن تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى، ئىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، توختىكامنىڭ قاتمال قوللىرىنى قويۇۋەتمىگەن ھالدا چىڭ قىستىم — دە، كۆز چاناقلىرىمغا تولۇپ قالغان ياش ئۇنچىلىرىنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ھويلىدىن ئاستا يېنىپ چىقتىم.

5

ھازىر مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشقان بولۇپ، ئەمدى ئاخىرقى بىر ئۆتكەل — ئامەتنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بارماق ئىزلىرىنى كاتلىمۇسىگە چۈشكەن بارماق ئىزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشلا قالغان ئىدى. بىراق جىنايەتچىنىڭ بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا پوسكامغا يېتىپ بېرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ يەرگە ھازىر بارغىنىمىز بىلەنمۇ بىكار! قانداق قىلىش كېرەك؟

مەن ئۆزەمنىڭ ئوي — پىكرىنى ئەخمەت بىلەن نىيازغا ئېيتىۋىدىم. ئۇلار گويا پۇرۇقلاۋاتقان قازاندەك قايناپ كەتتى:

— نومۇس ئەمەسمۇ، نومۇس!.. دېدى نىياز ئەترەت ئىشخانىسىدا ئۇيان — بۇيانغا مېڭىۋېتىپ، — يارامسىز ئۈچ ئادەم شۇنچىلىك ئاددى دېلونى بىر تەرەپ قىلالماي ھالىغىچە سۆرەپ يۈرسەك، قايسى يۈز بىلەن ئىدارىغا قايتىمىز؟

— بىزنىڭ گېپىمىزگىمۇ قۇلاق سالماي ساقسىڭىز بولاتتى، پاتەم ھەدە، — دېدى ئەخمەت يېلىنغان قىياپەتتە، — بۇ دېلودىن نىيازنىڭ پىكرى بويىچە خۇلاسە چىقارساقمۇ، ئۈچ ئادەم بىر دېلونى ئېنىقلىيالماپتۇ، دېگەن

ئاھانەتكە قالغاندىن كۆپ ياخشى ئىدى. بولمىسا مېنىڭ پىكرىم بويىچە بىر تەرەپ قىلىساقمۇ ...

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشۈنۈپ تۇرسەن، ئۆزلىرىنىڭ يۈز - ئابرويىنى كېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ ھايات - ماماتىغا بىرىپ تاقىلىدىغان بۇنداق چوڭ ئىشنى قانداقمۇ شەخسىي پايدا - زىيانىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولسۇن؟ يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمدەك، ئەخمەتنىڭ پىكرى گۇلسۇم بىلەن مۇسا قىسرونى دەرھال قولغا ئېلىش، نىيازنىڭ پىكرى بولسا بۇ دېلونى ماھۇت يۇۋاش ھەققىدىكى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ چەتكە قاچقان دىگەن يەكۈن بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئىدى. ئەمما مەن بۇ دېلونىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئۇنى ئىشلەش جەريانىدا ئىگەللىگەن دەلىل - ئىسپاتلارغا ۋە ئاز - تولا تەجرىبەمگە ئاساسەن، بۇ ئىككى خىل پىكىرنىڭ ھېچقايسىسىنى ماقۇل كۆرمىدىم. تېخىمۇ تولۇق دەلىل - ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ، يەنە داۋاملىق كۆزىتىپ بېقىش، يەنى «قارماق يېمىنى ئۆزۈن قويۇۋېتىپ بېلىق تۇتۇش» چارىسىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىم. ياقۇپ ئاكا مېنىڭ پىكرىدەگە قوشۇلدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ۋاقتىنچە ئولجىسىز ئۈۋۈچىدەك ئىدارىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مېڭىش ئالدىدا نىيازنىڭ تاپا - تەنىسىگە قارىماي، ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىسمايىل ئاكا بىلەن ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى ئۇرۇدىغا داۋاملىق كۆزۈتۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاشقا ئۈلگۈردۈم.

مانا قايتىپ كېتىۋاتىمىز، نىيازنىڭ توختىماي غۇتۇلداشلىرىغا ئۈچ چاقلىق موتۇسىكلىتىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشلىرى قوشۇلۇپ، مېڭەمنى قوچىۋېتەي دەپ قالدى. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمىدىم.

6

ھەش - پەش دىگىچە ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن خەت ئاخىرى قولغا چۈشتى، قوللانغان تەدبىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، بۆرى خاتىرجەم ھالدا ئۇۋىسىغا قايتقان ئىدى. مەن دەرھال ئەخمەتنى ئېلىپ يوسكامغا يېتىپ كەلدىم ۋە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، مەسىلىنى تېزلا ئايدىڭلاشتۇردۇق. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چۈشۈپ قالغان بىر پاي باچىگىرنىڭمۇ، تاماكىغا خالتىسىنىڭمۇ، ئەڭ مۇھىمى - كات لېۋىگە چۈشكەن بارماق ئىزىنىڭمۇ گەپ - سۆزسىز ناھەقنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. تېنىۋېلىشقا بولمايدىغان دەلىل - ئىسپات ئالدىدا ئامالسىز قالغان ناھەت باش ئىگىشكە مەجبۇر بولدى.

— مەن ... مەن ئەمەس، — دىدى ئۇ پىشانىسىدىكى پۇرچاقتەك قارا تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ دۇدۇقلاپ، — ھەممىسى ... ئەشۇ ... ئەشۇ گۇلسۇم دىگەن بۇزۇقنىڭ ...

— جىنايىتىڭنى تولۇق تاپشۇرساڭ، — دىدىم مەن جىددىي تۇردە، — ھۆكۈمەت كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىدۇ!

— ھۇ، بۇزۇق! مېنى ساتقىنىنى قاراڭ! — ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى-دە، تىلى كالۋالاشقان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— يازدا تاغامنىڭ ئۆيىدە بىر ئايدەك تۇردۇم. ئەسلىدە مەن ئىلى تەرەپكە ئېپى كەلسە ماكانلىشىپ قالارمەن دېگەن ئوي بىلەن بارغان ئىدىم. كىم بىلسۇن، بىر كۈنى تاغامنىڭ قوناقلىقىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جاڭگالغا باغلاغلىق كالىسىنى ئەكېلىشكە بارغاندا، ئوت ئېلىۋاتقان گۈلسۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، بۇرۇنمۇ چىرايلىقراق قىز-چوكانلارنى كۆرگەندە ئۆزەمنى تۇتالماي قالىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. "ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە چىقماپتۇ" دېگەندەك، بۇ دورەممۇ ئۇنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان چىرايىغا قاراپ چاقچاق قىلىپ تاشلاپتىمەن. ھەدىسە، ھۇ بىلەن بىردىلگەن جاۋاپ كۆڭلۈمنى ئېرىتىۋەتتى... ئارقىدىن گەپ تېپىشىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەخسىدىمنى ئېيتتىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ناز بىلەن، — مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، مەخسىدىڭىز تېخىمۇ ئاسان ئەمەلگە ئاشىدۇ.

— ئېرىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدۇم مەن ھەيران بولۇپ.

— بار بىلەن يوقىنىڭ ئارىلىقىدا، — دېدى ئۇ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۇنىڭ بىلەن ئاللىقاچان ئۈزۈلۈشۈپ كەتكەنمۇ بولاتتىم، لېكىن كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك بىر ئەر ئۇچرىمىغاچقا تۇرۇپ قالغان. بۈگۈن سىز...

مەن ئۆيلەنمىگەن يىگىت تۇرۇپ چوكان بىلەن توي قىلىشنى ئانچە خالىمايتتىم، شۇڭا ئېنىق جاۋاپ بەرمىدىم. ئۇنىڭ خۇما كۆزلىرى، كۆكسىنى تىترىتىپ تۇرۇپ قىلغان نازلىرى كۆڭلۈمنى مەپتۇن قىلىۋالدى، ئۇمۇ ماڭا كۆڭلىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق.

كېيىنچە رەسۋا بولۇشۇمدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى ھېچكىم سەزمەستە كېتىۋالاي دەپ، ئۈرۈمچىگە بېلەت ئالدىم. لېكىن شۇ كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. گۈلسۈم بىلەن خوشلاشماي كېتىشتىن خىجىل بولۇپ، ئەتىسى بېلەتنى يول خېتى يوق بىرسىگە يىگىرمە كوي ھايىنىغا سېتىپ تۇيدۇرماي، ھەر كۈنى ئۇچرىشىدىغان جايىغا مۆكۈنۈپ ياتتىم، دېگەندەك ناماز شامغا يېقىن گۈلسۈم كېلىپ، "تۈنۈگۈن نېمىشقا كەلمىدىڭىز" دەپ بىتىنىشان بولدى، ئەھۋالنى ئېيتتىم.

— قويۇڭا سىزدەك قورقۇنچاق ئەرنى، — دېدى ئۇ گەدەن قېقىپ، — بوپتۇ، سىز قىلالمىغاننى مەن قىلاي، ئەمىسە بۈگۈن ئاخشام ئۆيگە بېرىپ خوشلىشىپ كېتىڭ.

— ئېرىڭىز...

— ھە، ئۇ يۇمشاق باشنى، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — تاغىسىنىڭكىگە كەتتى، قايتىپ كەلمەيدۇ.

كىم بىلسۇن، تۈن تەڭ بولغاندا ئىشىك قاتتىق قېقىلدى.

— ئاپلا، — دېدى گۈلسۈم ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، — ئېرىم كەپقالدى، مۆكۈنىۋېلىڭ!

ئۇ مېنى كاتقا سولاپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. بىراق خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالغان ماموت ياۋاش "ئۆي-

گە كىم كەلدى؟» دەپ گۈلسۈمنىڭ چېچىدىن ئالدى، شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇپ تۇزغىنىمدا، گۈلسۈمنىڭ ماڭا دارىتىملاپ: «سىزنى ئوغۇل بالا دەپ تۇققان ئانىڭىزغا مىلىك لەنەت!» دەپ يىغلىمىسىرىشى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى، ئادەم بەزىدە پېتىنىڭ ئاچچىقىدا كۆينەكنى ئوچاققا سېلىۋەتكەندەك، شۇنچىلىك گەپكە چىدىماي خۇدۇمنى يوقۇتۇپ، بۇنچىلا چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشىمنى نەدىن بىلەي؟ كاتتىن چىققانچە، ۋاقىرىغىنىمچە تۇرغان ماتوت يۇۋاشىنىڭ كانىيىدىن ئاپتىمەن. بۇنچىلىك ۋىجىك ئادەمنىڭ ماڭا تەڭ كېلەلمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى. بىردەم بىر غۇپ تۇرۇۋىدىم، پۇت-قولى بوشىشاندەك بولۇپ، لەلەڭشەپ يىقىلىپ چۈشەمسۇ! قورقۇپ كەتتىم. دەرھال قولۇمنى مەيدىسىگە يېقىپ تىڭشاپ كۆرسەم، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپتۇ. ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىمنى كۆرگەن گۈلسۈم مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى:

— سۆلىتىڭىزگە چۈشلۇق جىگىرىڭىز يوق قانداق يىگىتسىز؟! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، يېپىنچا قىلىۋالغان ئۇزۇن چاپىنىنى چۈرۈپ تاشلاپ، نەدىندۇ بىر تاغارنى ئېلىپ كىردى، — مېنى دالاندىكى تۈۋرۈككە چەمبەرچەس باغلاپ، ئاغزىمغا لۆڭگە تىقىڭ-دە، ماتوت جەسىتىنى تاغارغا سېلىپ، دادۈينىڭ شەرق تەرىپىدىكى ساي ساھىلىقتا پاتۇرىۋېتىپ، كۆزدىن يوقۇلۇڭ، قالغىنىنى ئۆزەم توغرىلايمەن، — دېدى.

قولۇم تىترەپ كارغا كەلمەيتتى، مىڭ تەسلىكتە ئالدىراپ-تېنەپ كىيىملىرىمنى كېيىۋالدىم ۋە ئۇنى دالان تۈۋرۈكىگە باغلىۋەتتىم. ئاغزىغا لۆڭگە تىقىش ئالدىدا گۈلسۈم ماڭا كېيىن قانداق خەۋەرلىشىپ تۇرىدىغانلىقىمىز ھەققىدە سۆز تاپىلىدى. ئاندىن ماتوت ياۋاشنىڭ جەسىدىنى تاغارغا قاچىلاپ، يۈدۈكىمچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇنچە ئالدىراپ تۇرغان بولسامۇ، لېكىن گۈلسۈمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە دالان ئىشىكىنى ھەم يېپىپ، پاكار ھويلا ئىشىكىنى ئۈستىدىن قولۇمنى سوزۇپ زەنجىرلاپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدىم. تۈن نىسپى بولسا كېرەك، چىم بېسىپ كەتكەن قونالغۇ قىرلىرىنى بويلاپ يۈگۈرەپ كېتىۋاتسام، «كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، شاقىراپ ياغمۇر قۇيۇۋەتمەسمۇ! شۇ ھالەكچىلىكتە بىر پاي باجىگىرىمنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ھېرىپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاي دېگەندەك، گۈلسۈم ئېيتقان ساسلىق بويىغا ئاران يېتىپ كەلدىم. ئۇيان قاراپ-بۇيان قاراپ، ئەپچىل بىر جاينى تاپتىم-دە، جەسەتنى پاتقاق ئىچىگە كۆچەپ پاتۇرۇۋەتتىم. بۇ چاغدا ياغمۇر توختاپ قالغاچقا، سۈزۈك ئۆستەڭ سۈيىدە كىيىم-كېچەك، يۈز-كۆزلىرىمنى يۇيۇۋېتىپ، تاماكۇ خالتىسىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويغانلىقىمنى سەزدىم، پۈتۈن ئەزايىمغا تىترەك ئولاشتى. شۇ قورقۇنچلۇقتا يۈگرە-يۈگرە تاش يولغا چىقتىم. ھۆل پېتى كىيىۋالغان كىيىملىرىم تېنىمنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن يېتىپ كەلگەن بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىغا ئەللىك كوي بېرىپ ئۈرۈمچىگە كېلىۋالدىم. يۈرۈكۈم جايىغا چۈشكەندەك بولدى. يۇرتۇمغا قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇ يەر-بۇ يەردە

AltunOq

تۆت ـ بەش ئايدەك قاڭقىپ يۈردۈم. كېيىن ئۇ قوشۇپ كۆرۈپ، ھېچقانداق شەپە ياكى خەۋىرىنى سەزمىگەندىن كېيىن، خاتىرجەم ھالدا ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دەككە ـ دۈككىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل خالاس بولۇپ كەتكىنىم يوق. ئەمدى ئەسكى ئىشلاردىن قول يۇيۇپ، ئارامخۇدا ياشارمەن دېگەن خىياللىرىمنىڭ توزغاقتەك توزۇپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ ھەتتا بىر كۈنمۇ ئاراملىق بولمىدى. ھەر كېچىسى قارا بېسىپ، ماھۇت يىۋۋاشنىڭ ئەرۋاھى گېلىمدىن بوقتىنى بوقتان. بۇنى ئاز دېگەندەك كۆڭلۈمنىڭ چېتىنى ماڭا چاپلاشقانىمۇ ـ قانداق، ئۇنى ھەر قانچە قىلىپمۇ يادىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. بۇ چاغدا كۆڭلۈمنىڭ مەسلىيەتى ئەمەسلىكىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئىشنىڭ زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەقەززالىقى بىلەن ئۇنىڭغا قىستىغىنىدە بىر پارچە خەت يازدىم. كۆڭلۈمنىڭ يازغان ئۇ خەت، ـ نامەت بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. نادانلىغىمدىن ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا بېلىقتەك بۇرنۇمدىن ئىلىندىم، قۇتۇلمەنمەن تەس، لېكىن ئۇ بۇزۇق ھەممە گۇناھنى ماڭا دۆڭگەپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولسا، ماڭا بەك ئۇۋال بولىدۇ، بەك ئۇۋال بولىدۇ!...

ئۇنىڭ ئىقرارىنى خاتىرىلەۋاتقان ئەخمەت قەلەمنى توختۇتۇپ، ماڭا قاراپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمنى پەقەت "ھەر قانداق تۈلكىدەك ھىيلىگەر جىنايەتچىمۇ ئاخىرى خەلقىمىزنىڭ ئادىل جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!» دېگەن بىرلا ئوي چۇلغىۋالغان ئىدى...

7

ھىكايەمنى مۇشۇ يەردە تۈگەتسەممۇ بولاتتى، لېكىن پېشانەمدىكى تارتۇقنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى سۆزلەپ بەرمىسەم، ئېھتىمال ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۇجۇرىدىن ـ بۇجۇرىغىچە بىلىۋالغۇسى كېلىدىغان ياش قىزلار قانائەت ھاسىل قىلماس، بوپتىلا بۇنىمۇ قوشۇپ سۆزلەۋېتەي. ئىشىنىمەنكى ئۇلار قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى زايا قىلىۋەتتى دەپ رەنجىمەيدۇ...

ئىككى ئايدەك ۋاقىتتىن كېيىن، غەلىبە خوشاللىقىنى ئىچىمىزگە سىغدۇرالمىغان ھالدا نامەتتىنى يالغىنىمىزچە ئىدارىغا قايتىپ كەلدۇق. بىزنى چوڭ پىشكەللىك كۈتۈپ تۇرغىنىنى كىم بىلسۇن؟ «جاما ئەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش» شامىلىدا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىدارە ھوقۇقىنى تارتىۋالغان نىياز، يېنىدىن ئېچىپ ياقۇپ ئاكىنى كۆرەشكە تارتىۋاتقان ئىكەن. ياقۇپ ئاكىنىڭ پۇتىغا نى ـ نى مۇرەككەپ دېلولارنى ئېنىقلاشتا ئۆچەس خىزمەت كۆرسەتكەن ھېلىقى چېچەن ئاپشاركا باغلاقلىق تۇراتتى. ھەممىدىن كۆڭۈلسىز يېرى شۇ ئىدىكى، ئاپشاركىنىڭ بېشىدىمۇ قالماشقان بىر قەغەز قالپاق قوندۇرۇغلۇق تۇراتتى. نىياز گەپتىن گەپ يوق يۈزۈمگە بىر نەچچە شاپىلاق سېلىۋەتتى ۋە دۈشكەلەپ ئىتتىرگىنىچە ياقۇپ ئاكا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان پەشتاققا چىقىرىپ، ئىگىز بىر قەغەز قال—

پاقىنى كەيدۈردى-دە، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چىڭقىلىپ ۋاقىردى:

— ناھىيىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقدارنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىدىكى گۇماشتىسى ياقۇپنىڭ قول چوماقى پاتەمنى يوقۇتايلى!

ئارقىدىنلا ئۇ «جىنايەت»لىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم «جىنايىتىم»، «ئادەم ھەل قىلغۇچ ئامىل» دىگەن ئۇلۇغ تەلىم بىلەن قارشىلىشىپ، ئادەمگە، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، نىيازنىڭ كېپىگە ئىشەنمەي، ئىتتىقا ئىشىنىپ، «ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ چەتكە قاچقان» مامۇت يۈۋاشنى ئاقلاپ، بىگۇنا ئىككى «ئىنقىلاۋىي ئامما»غا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپتىمىشمەن.

ئەخمەت مەن ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويۇۋىدى، ئۇمۇ پەشتاقتا تارتىپ چىقىرىلىپ، يېنىمدا تۇرغۇزۇپ قويۇلدى.

— ئاخىرى بىر كۈنى خەلق ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلمەن! — دىدىم مەن نامەتىنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېچىۋاتقان نىيازغا قاراپ، — دەلىل-ئىسپاتلىرى تولۇق قولغا چۈشكەن قاتىلنى قويۇۋېتىپ زادى نىمە قىلماقچىسەن؟!

بىگۇنا دەپ ئېلان قىلىنىپ قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ ھېچنىمىنى چۈشىنەلمەي، قورقۇنچ ئىچىدە ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ، يىغىن مەيدانىدىن لەلەڭلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان نامەتكە قاراپ، قەھرۇ-غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم ۋە زادىلا چىداپ تۇرالماي ئالغا تاشلاندىم. لېكىن شۇ ئەسنادا، گىدىيىپ تۇرغان نىياز ئۇنىڭ قولىدىن بوشۇتىۋالغان كويزا بىلەن پېشانەمگە بىرنى سېلىشقا ئۈلگۈردى. مەن نىھايەت ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ شۇرقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ، كۆزلىرىمنى ئېتىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە شۇ ھامان ھوشۇمدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدىم ...

× × ×

— يېتىپ كەلدۇق! — دىدى شوپۇر مېنى خىيالدىن ئويغۇتۇپ.

قارىسام، مەن ئولتۇرغان جىپ ئاللىقاچان جامائەت خەۋپسىزلىك مەكتىۋىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شوپۇرغا رەخمەت ئېيتىپ، دەرھال ماشىنىدىن چۈشتۈم-دە، زال ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سالاملىشىپ، ئۆز ئەمىنى توختاتقان ھالدا پەلەمپەيگە قەدەم قويدۇم ...

# مودەنخان

(ھېكايە)

گۈلجامال داۋۇت

ئۇنىڭ ئەشۇ بوسۇغىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى. قاش سۆڭىكى بىلەن مەڭىز سۆڭىكى ئارىسىغا پېتىپ كەتكەن، ياشاڭغۇراپ چاپاق باسقان خۇنۇك ئورا كۆزلىرى قانداقتۇ بىر نۇقتىغا مەقسەتسىز تىكىلگەن: خېلىدىن بېرى تاغاق كۆرمىگەن ئاق كىرسىپ چارلاشقان شالاڭ، پاخماق چاچلىرى تۇرمەكلىشىپ پېشانە ۋە بويۇنلىرىغا چاپلىشىپ قالغان ئىدى. ئاچ قالغان 7 ـ 8 توخۇ دان ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا روكۇلداپ يۈرۈشەتتى...

بالىخانىدىن تۇيۇقسىز «غۇق-غۇق» قىلىپ ئۈنلىگىنىچە پالاقشىپ ئۇچۇپ چىققان بىر توپ كەپتەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بۇزدى. ئۇ چۆچۈپ، ئاۋال ئۆگزىگە ئاندىن ھويلىغا بىر خىل چۈشىنىپ بولماس نەزەر بىلەن سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. بالىخانىدىن سامان ۋە كەپتەر پەيلىرى توزۇپ ھويلىغا چۈشۈۋاتاتتى. ھويلا ئىچى قالايمىقان بولۇپ، بۇلۇڭدىكى ئوچاق ئالدىدا تۇرغان قازان تۈۋىنى ئىككىلىمەك قىلىنىۋاتقان توپا باسقان؛ چېلەك، چۆمۈچ، قوشۇق، چىنىلەر رەتسىز چېچىلىپ ياتاتتى. سول تەرەپتىكى مال قوتىنىدىن كالا، قويلارنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئالا ـ تاغىل مۆرەش ـ مەرەشلىرى بىلەن ئۇدۇلدىكى ھويلا تېمىغا تۇتاش باغدىن ئىتنىڭ قاۋىشى قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ بۇلارغا پەرۋا قىلماي، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، چۈشىنىكسىز خىيال سۈرۈپ، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى...

ئۇنىڭ ئىسمى مودەنخان 55 ياشلار چامىسىدىكى ئاچچىقى يامان ئايال. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭدىن خۇددى دۆدىن قاچقاندەك قاچىدۇ. ئۆيى مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈشتىن قورقۇپ، بىر نەچچە مېتىر نېرىدىن ئەگىپ مېڭىشىدۇ...

مودەنخان بۇ مەھەللىگە ياتلىق بولۇپ كەلگەندە، ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ سەتلەردىن ئەمەس، مېھرى ئىسسىق قىز ئىدى. بىراق، گەدىنى قاتتىق، ھاكاۋۇر بولۇپ، مەھەللە ـ كويغا ئانچە ئارىلاشمايتتى. ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى ھاللىق كىشى بولغاچقا، بۇ ئائىلىدە توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلاتتى. مودەنخاننىڭ قېيىنئانىسى بولمىغاچ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى سۇدىكى بېلىقتەك ئەركىن، خاتىرجەم ئىدى... ئۇ، بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كېلىپ، 3 يىلغىچە تۇغمىدى. رەھمەتلىك قېيىنئاتىسى نەۋ-

ره كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتتى...

ئارىدىن خېلى ئۆتكەندە، مۇدەننىخان مىڭ بىر سەۋەپلەرنى قىلىپ، ئاخىرى بالا يۈزى كۆردى. "ئىڭە، ئىڭە..." دەپ پەسكە چۈشكەن بوۋاقنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى كۆرگەن مۇدەننىخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى خوشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. ئۇلار ئوغلىغا مەردان دەپ ئىسىم قويدى. پەيلەپ قولىدىن چۈشۈرمەي بېقىپ، 7 ياشقا كىرگەندە پەرزىنى ئادا قىلىپ، يۇرتقا ئاش تارتىپ، سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزدى. مەردان 9 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، دادىسى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ئالەمدىن ئۆتتى... ئەمدى پۈتۈن ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى يالغۇز مۇدەننىخانغا قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چىشىنى چىشلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ 8 يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا يىراق - يېقىندىن بىر قانچە لايىقلار ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ قۇتىدەك چىرايلىق ئۆيىنى، كەڭرى باغلىرىنى، سېمىز قوي-كالىلىرىنى نىشان قىلغانلار ئىدى. مۇدەننىخان يەرنىڭ تېگىدە ئىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان، خەق تاش ساتسا، ئۆزى قوم ساتىدىغان سەزگۈر، يامان ئايال بولغاچقا، ئەلچىلەرنىڭ بەزىلىرىنى سىلىق گەپ بىلەن يولغا سالدى؛ بەزىلىرىنى تىللىغان پېتى قوغلاپ چىقاردى. ھەتتا ئىشىك ئالدىغا غالجىر ئىتىنى باغلاپ قويدى...

× ×

مەردان تولىمۇ ئەقىللىق، زېرەك بالا بولۇپ ئۆستى. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ، شۇ يۇرتلۇق مەكتەپكە ئۆتتى. 2 يىللىق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، گوڭشېنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىدى...

باش باھار، تەبىئەت گىرىمسەن يېشىللىققا پۈركىنىپ، گۈل - چېچەكلەر كۈلۈمسىرەپ يۈز ئاچقان مەزگىلدە، مەردان 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، قىران يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمدى مۇدەننىخان ئولتۇرسا - قوپسا ئوغلىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنىلا ئويلايتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا پۈتۈن يۇرتتىكى قىزلارنى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ - بىرمۇ ئۆتكۈزۈپ، قايسىسىنى كېلىن قىلىش توغرىلىق باش قاتۇراتتى: "ھاشىم قارىنىڭ قىزى چىرايلىق، ئوچۇق قىز. بىراق، ئۇلارنىڭ جان سانى كۆپ، قولى بەكمۇ ئۇزۇك... تۆۋەن مەھەللىدىكى ياسىنا خۇنىنىڭ خېلى قول ئىلكىدە بار. لېكىن قىزى تولىمۇ ئەركە - نازىناق چوڭ بوپتۇ... سەيدىن مىراپنىڭ قىزىمۇ نوتىدەك سۈلۈق، ھېچىرى ئىسسىق قىز. لېكىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ قىزنى تولىمۇ جاۋىلداق، غەلۋىخور دېيىشىدۇ. ئەگەر توي قىلىپ قالساق، بىر ئۆيدە قانداقمۇ پېتىشقۇلۇق؟..."

شۇنداق قىلىپ مۇدەننىخانغا بۇ يۇرتتا ھېچكىم ياقمىدى... مەردانىنىڭ بولسا مەھەللىدىكى ھاشىم قارىنىڭ قىزى-گۈلئايىمغا كۆڭلى بار ئىدى. بىراق كۆڭلىدىكىنى ئانىسىغا ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ، ئانىسىنىڭ سەپرا مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە، بۇ گەپنى دەپ سالسا ئۇنىڭ توپىتەك سەكرەپ، تېرىقتەك چېچىلىپ، كونا كېسەللىنى تېپىۋېلىشىدىن قورقاتتى. چۈنكى،

مودەنخان بىر ئىشقا ئاسانلا چېچىلىپ كېتەتتى، سەللا ئوبىلىنىپ خاپا بولۇپ قالسا، كېسەللى تۇتۇپ مەردانىنى بىسەرەمجان قىلاتتى.

مەردان بۇ ئىشتا كۆپ قىينالدى، بېشى تاشتەك قاتتى... بىر كۈنى ئۇ، ئانىسىنىڭ كەيپى چاغ ۋاقتىدا ئاستا پۇراتتى:

— ھاشىما ئىكامنىڭ قىزى گۈلئايىم يۈزى تۆۋەن، ئەدەپلىك قىز بوپتۇ. بايا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. بىر چىرايلىق سالام قىلىپ، ئەھۋال سورىدى...

مودەنخان بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتتى. كىتاپخانلارغا مەلۇم، مودەنخانىمۇ گۈلئايىمنى كۆڭۈل تارازىسىدا بىر قانچە قېتىم دەڭسەپ كۆرگەن. بىراق ئۇنىڭ ئاتائانىسىنىڭ قولى ئۇزۇك بولغاچقا، توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يۆلىنىۋېلىشىدىن قورققان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئوغلىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ ئىدىيىسىدە بىر مەيدان كۆرەش قىلغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— تولا قۇۋۇلۇق قىلغىچە، ئۇنى ياخشى كۆرىسەن دىسەگچۇ؟

مەردان لام-جىم دىمىدى، يەرگە قاراپ، گويا گۇناھ ئىش قىلىپ قويغاندەك بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، بىچارىلارچە ئولتۇراتتى. مودەنخانىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. كۆڭلىدە گۈلئايىمغا مايىللىقى بولمىسىمۇ، بىراق شۇ كۈنىلا تەييارلىق قىلىپ، ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئىككى ئاكىسىنى ھاشىم قارىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

ھاشىم قارى ئۇزۇندىن بېرى قىزىنى قول ئىلكىدە بار بىرسىگە ياتلىق قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. گۈلئايىممۇ ھەر قېتىم قاش-كۆزى جايىدا، مايسىدەك بۇرۇتى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان مەردانىنى كېيىنكىدە چەبدەسلىك بىلەن رول تۇتۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرگىنىدە، مەسلىكى كېلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتىۋېلىپ، ماقۇل جاۋابىنى بەردى. ئارىدىن 2 ئايچە ئۆتۈپ، ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشقان سېخى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەردان بىلەن گۈلئايىمنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى...

گۈلئايىم بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مودەنخانىنى ئۆز ئانىسىدەك ھۆرمەتلەپ، ئەتىۋالاپ كۈتتى. ئەمەلىيەتتە مودەنخان خېلىلا بىكار بولۇپ قالدى. ئۆي ئىچىمۇ باشقىچە ئاۋاتلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ناھايىتى ئىناق، گەپ-سۆزسىز ئۆتۈشتى. مودەنخانىنىڭ ئويلىغىنىدەك گۈلئايىمنىڭ ئائىلىسى ئۇلارغا يۆلىنىۋالمىدى، ئەكسىچە كەمبەغەل بولسىمۇ قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ، قىزىنىڭ مودەنخان ئالدىدىكى يۈز-ئابرۇيىنى كۆتەردى... 3-يىلى گۈلئايىمنىڭ بويىدا قالدى. بىچارىنىڭ سېزىكى قاتتىق بولۇپ، ياداپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭىز سۆڭەكلىرى بورتۇپ چىقتى، يۈزلىرىگە داغ چۈشتى...

مودەنخان قېيىنئانا يۈزى كۆرمىگەچكەمۇ، ئۆزىنىڭ كېلىنلىك چاغلىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ھەر قېتىم گۈلئايىمنىڭ چىرايىغا قارىغاندا، ئۆز ئىچىدە سەسكىنىپ «ۋاي خۇدايىم، ئۆز ۋاقتىدا بۇ سەت، كۆزۈمگە قانداقچە ئىسسىق كۆرۈنگەن بولغىيتتى!»، مەردان بالام بۇ سەت بىلەن بىر ئۆيدە

Altunoq

قانداقمۇ تۇرىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويغۇدۇراپ قوياتتى. گۈلئايىم تاماق ئېتىپ، ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئەكەلگىچە، ئۇ ئىگىلمەي ئولتۇرىدىغان بولىۋالدى. بىچارە گۈلئايىم كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، كالا-قويلارغا ئوت ئېلىش، تاماق ئېتىش، نان يېقىش، كىر يۇيۇش... قىسقىسى، ئۆيىنىڭ شۇ تۈگىمەس ئىشلىرى ئۇنى ھالسىرىتىپ، دېمىنى ئالالماي قالاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۆيدىكىلەر كېلىپ قائىدە بويىچە يۆتكەپ كېتىشتى. ئارىدىن 15 كۈنچە ئۆتكەن بىر كۈنى سۇبھى ۋاقتى بىلەن گۈلئايىمنىڭ كۆزى يورۇپ قىز تۇغدى، ئىسمىنى گۈلناز قويدى...

مانا بۈگۈن گۈلئايىمنىڭ بوشانغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. مەردانىڭ ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ يوقلاپ تۇردى، لېكىن مودەنخان بىر قېتىم كەلگىنىچە قايتا كەلمىدى، توغرىسى گۈلئايىمنى ئېلىپ كەتمىدى. بۇ ئىش گۈلئايىمغا ھەقىقەتەن ھار كەلدى. ئۇ، مۇشۇ كۈنگىچە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن مەردان كېلىشىگىلا، يۆگەكتىكى بالىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، دەردىنى تۆكتى:

— مەردان، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ئانام مېنى نېمىشقا يامان ئالىدۇ؟ نېمە ئىشقا بۇيرىسۇن بويىنتاۋلىق قىلماي، دېگىنىنى قىلدىم. سىلىكىسىمۇ، تەنە قىلسىمۇ كۆتۈرۈمگە ئالماي، ئۆينىڭ ئېغىر-يېنىك ھەممە ئىشلىرىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، مەن بوشانغىلى مانا 2 ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن مېنى ئېلىپ كەتمىدىڭلار، ئاتا-ئانام ھەتتا ئۆكىلىرىممۇ ماڭا بىر قىسما قارىشىۋاتىدۇ. خوشنىلارمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، ئارقامدىن گەپ-سۆز قىلىشىۋاتىدۇ. مەن بۇ كۈنگە ھېچ چىدالمىدىم...

ئۇ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، مەرداننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇ توغرىلىق ئانىسىغا بىر قانچە قېتىم ئېيتقان، ئەپسۇس، مودەنخان قۇلاق سالمىغان ئىدى...

مەردان ناھايىتى روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى، مودەنخان سۇپىدا مۇشتۇمدەك خېمىرنى يۇغۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ، مەردانغا قاراپ:

— ھە، نېمە بولدۇڭ؟ يەنە شۇنىڭ قېشىغا بارغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، جېنىم ئانا، گېپىمنى بىر ئېلىپ قويغىنا، خوش بولاي، ئۇنى ياندۇرۇپ كەلمەيلى، — دىدى ئۇ يېلىنغان قىياپەتتە.

— نېمە دىدىڭ؟ — مودەنخاننىڭ بىردىنلا تەرى تۇرۇلدى، — ئۇ قەلەندەرلەرنى كۆزۈم كۆرمىسۇن! يە داستىخىنىنىڭ تايىنى يوق، يە ئۆيىنىڭ، سېنىڭ ئارقاڭغا كىرىپ بولغان ئىش بۇ! مېنى نۇمۇسقا قوياي دەمسەن؟! بىر ئىككى كىشىنى باشلاپ بارماي، ئۇنى ئېلىپ كەلگىلى بولمايدۇ. بارسا ئۇ نېمىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئالدىغا چىقالىسا كاشكى! خالىساڭ ئۆزۈڭ بېرىپ ئەكىلىۋال!

ئەتىسى مەردان نائىلاج بازارغا باردىدە، يېنىدا بار بولغان 10 يۈەن پۇلغا بىر كۆينەكلىك رەخت سېتىۋېلىپ، گۈلئايىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

گۈلئايىمنىڭ ئاتا-ئانىسى تولىمۇ سادا، تۈز كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن گۈل-

ئايىمنى مەردانغا قوشۇپ قويدى ...

مودەنخان گۈلئايىمنى سوغاقلا كۈتەۋالدى. لېكىن ئۇ، گۈلنازنى مەردانىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۆزۈنىڭچە ئەركىلىتىپ سۆيۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن گۈلئايىمنىڭ كۆڭلى بىر ئاز كۆتىرىلگەندەك بولدى ...

ئەمدىلىكتە بۇ ئائىلىنىڭ جان سانى كۆپىيىش بىلەن بىرگە ئىشلارمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيگەن ئىدى. مودەنخان كۈن بويى ناگان ـ ناگاندا گۈلئايىم بالا ئەمىتكەن ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گۈلنازنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. گۈلئايىمسۇ بەھى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مىدىرلىغىلى تۇرسا، خۇپتەن بىلەن ئاران ئىشتىن قولى بىكار بولاتتى ... گۈلناز ئىككى ياشقا كىرگىچە نەۋرىسىنىڭ مېھرى بىلەن مودەنخان گۈلئايىمغا ئانچە زەردە قىلمايدىغان، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ يېڭىنىچە ـ قىرىنچە تەگمەيدىغان ۋە گەپ-سۆزدە خېلىلا مۇلايىم بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن بۇنداق مۇئامىلە ئۇزاققا بارمىدى، ئۇنىڭ ھېلىقىدەك سەپرا مىجەزى يەنە قوزغۇلۇپ قالدى ...

مودەنخانغا تاتلىق بولغان نەۋرە، گۈلئايىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق تاتلىقتە! ئۇلار نەۋرىسىنى كۆرگىلى كېلىپ، مودەنخانىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىشى بىلەن ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ، تەرى تۈرۈلۈپ قالاتتى، قاچىنى قوشۇققا، چۆمۈچنى قازانغا ئەتەي تاراقلىتىپ ئۇراتتى، باغدىكى ئىتنى باھانە قىلىپ: "ھۇ يارىماس قايىتقىدۇق، چاغ دىسىمۇ كەتمەيدۇ، قانداق يېزەلىك نېمە ئۇ!" دەپ ۋاقىرايتتى. بۇنداق چاغلاردا گۈلئايىم يەنىلا ئۆزىنى تۇتىۋالاتتى. بىراق، قەلبى ئازاپ، خورلۇق، ئاھانەت ۋە پۇشايماندىن ئۆرتىنەتتى ...

گۈلئايىم مودەنخانىنىڭ نەشتەردەك سۆزلىرى، ئىتتىنى سىلكىگەندەك سىلكىشلىرى ۋە چىداپ بولغۇسىز مەسخىرىلىك كەمسىتىشلىرىگە توپ توغرا 7 يىل يەنى، گۈلناز 5 ياشقا كىرگىچە پەقەت ئۆز ھاياتىنىڭ بىردىن-بىر شىرىن مېۋىسى بولغان قىزىنى دەپلا چىشىنى چىشلەپ چىداشلىق بېرىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ، گۈلنازنىڭ يېتىم قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھەر قانداق ئېغىر ئازاپ، خورلۇقلارغا ئۇچرىسىمۇ، شۇ نارىسىدە قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈنلا بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قېلىشنى ئويلايتتى.

مودەنخان بىر قېتىم مەردان خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، 3 ـ كۈنى يوق بىر باھانا بىلەن گۈلئايىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى:

— ئۇننى بۇزۇپ ئەتىگەندە ئاش ئەتكىچە، چاي راسلىسىڭىز بولماسمىدى؟

— نان ئاخىرلىشىپ قاپتىكەن. شۇڭا ...

— ھە، نېمە شۇڭا؟ زەرە ماڭا ئەمەس دەڭە، ئۆيىڭىزدىمۇ بىر چىمدىم ئۇن ئۈچۈن زار قاخشاپ، تىترەپ تۇرسىز!

— ئۇنچىلا كەمسىتمىسىلە، ئانا، بىزمۇ ئۆز يېزىگە چۈشلۈق ئادەم ...

— ھوي، مەن بىلەن جاۋاپلاشقىدەك بولدۇڭمۇ تېخى؟ ئاش-نان بېرىپ، كىيىم كەيدۈرۈپ ئادەم قىلىپ قويسام، ماناھە مىنى تىلىڭ ئۆزۈراپ، گەدەنكەشلىك قىلىۋاتىسىنا ماڭا!؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گۈلئايىمنىڭ سەۋىر قاچىسى يېرىلدى:

— مەن تۇغۇلۇشتىنلا ئادەم ئىدىم، بۇ ئۆيدە يىگەن-كەيگەنلىرىمنى ئۇ ئۆيدىمۇ يىگەن-كەيگەن. ئاتا-ئانام ھېچقاچان مېنى ئاچ-يالىڭاچ قويمىغان، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

مۇدەنىخاننىڭ چىرايى غەزەپتىن جىگدە كۆتىگىدەك قارىداپ، كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيدى:

— ھۇ، تېگى پەس قەلەندەر، ماڭ جۇغۇ، تولا مەن بىلەن ئېيتىشماي كۆزۈمدىن يوقال!

گۈلنايىم كەيمۇ قالماي، بوخچىسىنى قولتۇغىغا قىستۇردى ۋە سۇپىدا بىر ئۆزىگە، بىر مۇدەنىخانغا كۈيۈتمەي قاراپ تۇرغان گۈلنازنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ماڭ گۈلناز، كېتىمىز، — دېيىشى بىلەن، مۇدەنىخان ئېتىلىپ كېلىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ساڭا بېرىدىغان بالا يوق، ئۆزۈڭ يوقالساڭ بولغىنى، — دېدى-دە، گۈلنازنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

گۈلنايىم قىزىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قانداقتۇ بىر ئىشنى چۈشەنگەن گۈلناز، مۇدەنىخاننىڭ قولىدا تىپىرلىغىنىچە يىغلاشقا باشلىدى...

× ×

— ئەجەپمۇ زېرىكتىم، بىر چىقىپ كەتكەنچە ھەپتىلەپ ئۆيگە كىرمىگەن، شوپۇر دېگەنگىمۇ تېگىدىغان، ھەممە ئىشنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئېغىناپ ياتقىنى-ياتقان!

ھويلىدا سەي توغراۋاتقان ئارزىگۈل ئىچكىركى ئۆيدە ئىگراپ ياتقان قېينىئانىسى — مۇدەنىخانغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ غو—دۇردى. مۇدەنىخان يېڭى كېلىنىنىڭ كەپلىرىدىن يۈرىكى پۇچىلىنىپ، گويا قامچا يېگەندەك تولغىناتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاپلىشاي دېسە، تۇرغىدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا پۇشايمانمۇ — ئېچىنىشمۇ بىر خىل بىلىپ بولمايدىغان ئىپادە ئەكس ئېتەتتى، ئۇ ياش تامچىلاپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ، تام تەرەپكە ئۆرۈلدى.

ئۇ گۈلنايىمنى شۇ ھەيدەپ چىقارغانچە ئەكەلمىگەن ۋە مەرداننى ئۇنىڭدىن زورمۇ-زور ئاجراشتۇرىۋەتكەن ئىدى. مۇدەنىخاننىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنگەن مەھەللە-كوي ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ قىز بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەردان 6 يىل بويتاق يۈردى. بىر يىلى مۇدەنىخان يىراقتىكى مەھەللىدىكى يېقىن دوستى — «ئايىم جودا» نىڭ ئىككى ئەردىن چىققان قىزى ئارزىگۈلنى مەردانغا زورلاپ چېتىپ قويدى...

مانا ھازىر ئارزىگۈلنىڭ بۇ ئائىلىگە كەلگىنىگە ھەش-پەش دېگۈچە 3 يىل بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ تۇغمىدى. ئۇ ئەسلىدىكى ئەرلىرىدىنمۇ مۇشۇ سەۋەپ بىلەن تېپىك يىگەن ئىدى. بىراق، مۇدەنىخان ئالدىدا نەۋرىسى بولغاچقىمۇ بۇنىڭغا ئانچە بەك ئېتىۋار قىلماي كەتمەيدى. 3 يىل جەريانىدا بۇ ئائىلىدە بىر كۈنمۇ خوشال-خۇراملىق، ئىناقلىق بولمىدى. ئارزىگۈل خۇددى ئانىسىغا ئوخشاشلا جەدەلخور، ياسانچۇق، ئۆي ئىشى بىلەن كارى يوق، كۈن بويى ئەينەك ئالدىدىن كەتمەيدىغان چوكان بولۇپ، ئۆيگە كېلىپ 5 كۈنگىچە مۇدەنىخان تۆردىن چۈشمەي، پەدىسىنى بۇزماي ئولتۇردى. لېكىن ئۇ، ئارزى—

گۈلنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا پەگاغا چۈشۈپ، ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى. سەپرالىقى تۈپەيلى چاچلىرىغا بالدۇرلا ئاق كىرىپ، ماغدۇرى قاچقان مودەنخانغا ئەمدىلىكتە قوي - كالىلارغا ئوت ئېلىش، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىش خېلىلا ئېغىر كەلدى. لېكىن يەنىلا دوستۇمنىڭ قىزى دەپ، گۈلئايىمغا قىلغان زورلۇق، تەنىلەرنى ئارزىگۈلگە قىلمايتتى...

بىر كۈنى چۈشتە مودەنخان باغدا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىپ قاق سېلىۋاتاتتى. هويلىدىن ئارزىگۈلنىڭ چىقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هۇ، نان قېپى، يەتتىم ئوغلاق! ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ بالدۇرراق كېلىپ ئۆي ئىشىنى قىلماي، نەلەردە ئويناپ يۈردۈڭ؟

— ئەمدى قويۇپ بەردى، - بۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن گۈلنازنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— قارا، بۇنىڭ يالغانچىلىقىنى، قاراپ تۇرۇپ مېنى ئالداۋاتىسەنا!؟ باشقا بالىلار كەلگىنى نەۋاخ...

— ۋايجان! نېمىشقا ئۇرىسىز؟ مەن سىزنىڭ تۇغۇپ قويغان بالىڭىز ئەمەسمىدىم...

— نېمە دىدىڭ؟ يەنە بىر دىگىنە، هۇ يەتتىمچى، مانا ئەمەسمە، مانا ئەمەسمە...

— ۋايجان، ئانا ...!

باغدىن يۈگرەپ چىققان مودەنخان، گۈلنازنى ئارزىگۈلنىڭ قولىدىن ئاجراتتى - دە، جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— هۇيت خېنىم، هەر قانچە بىر ئەۋلەيانىڭ قىزى بولسىلىرىمۇ ئۇنداق قىلمىسىلا. بىكاردىن - بىكار نېمىشقا ئۇرىلا بۇنى؟ چۈش دىگەن ئەمدىلا تىن بولدىغۇ، سىلىنىڭچە قاچان كەلسە بولاتتى؟

— سىلى نېمە دەيلا؟ هەممە ئىشنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ، كەچكىچە رەجدەك ياتىلا. ئوغۇللىرى تېخى ئىگىلمەيدۇ، مەن سىلىنىڭ سېتىۋالغان قۇللىرى ئەمەس، بۇ شۇمنى ئەرگە تەككىدەك بولغاندىمۇ يەنە ئوقۇتۇپ...

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە! بولمىسا چىق ئۆيدىن، سەندەك كېلىنىم يوق! - دەپ ۋاقىرىدى مودەنخان قوللىرىنى شىلتىپ ۋە شۇ هامان مېڭىسى زىڭىلداپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئالدىن تەييارلىنىپ قويغان ئارزىگۈل ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، هايال ئۆتمەي قولتۇغىغا يوغان ئىككى بوخچىنى قىستۇرغان پېتى قايتىپ چىقتى - دە، تاقىلداپ ماڭىنىچە ئالدى - ئارقىغا قارىماي، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى...

مودەنخان گۈلنازنى ئۆي ئىشلىرىغا پىشۇرمىغان، ئۇنى ئارزۇلاپ دوپپىسىدا كۆتىرىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، گۈلناز 15 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە بىر قازاننى قاينىتالمايتتى. مودەنخان ئاغرىپ ياتقان ئىككى كۈندىن بۇيان، بۇ ئىككەيلەن تۇرمۇشتا بەك قېيىنالدى. ئۆيدە تاغارلاپ ئاشلىق بولغىنى بىلەن يۇمشاققىنا بىر بۇردا نان يوق، خولۇم - خوشنىلارمۇ تېخى كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇلار ئىككى كۈننى ئاچ - توق ئۆتكۈزدى...

مەردان بولسا ئارزىگۈل بىلەن مىجەزى كېلىشمەي، بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، قەدىناز ئايالى - گۈلئايىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى قەلبىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتەلمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ،

بىراق گۈلئايىمنى ھەر دائىم سېغىنىپ-
ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېھرىۋان چىرا-
يى، ساداقەت ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇرى-
دىغان كۆزلىرى ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالد-
دىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ش
گۈلئايىمغا باغلانغان ساپ مۇھە-
قەلبى، ئارزۇگۈلنى ئۆز قوينىغا
مىدى. ۋاھالەنكى، جاھىل ئانى
ئۇ يەنىلا ئامالسىز ۋە ئاجى-
ئاچچىقىنى ئۇ، ئۆيگە بىر ئا
دەسسەپ قويماسلىق بىلەن
ئىدى...

بىر كۈنى مودەنخان ھوي-
ئوقۇپ ئولتۇرغان گۈلنازغا ق
ئاۋازدا دېدى:

— ئېسىت، سېنى شۇنچە پ
تۇرسەم، مۇشۇنداق چاغدا
ماڭا. پەسنىڭ نەسلى قىل-
دۇڭ-يا!؟

ئۆز ئانىسىغا كەلتۈر
ئاھانەتكە چىداپ ت
گۈلناز ئورنىدىن چاچراپ

— ھە، نىمە بولدىڭىز
زاپلاپ ئۆيدىن قوغلاپ
زىگۈلنى ئوبدان دەپ ئە
دىن كەلگەن ۋاپا قىنى
تېخى ئارىلاشمىسا، ئەم

... ئەمدىمەن [illegible] ۇل ئەمسە، پەس
[illegible] قى[illegible]غا كېتەي...
[illegible] و قۇش ماتى-
[illegible] ئېلى[illegible]

[illegible]

# تىيانشان

( نەسىر )

## ئابلىمىت باتۇر

تىيانشان، يۈرەكتە ئىشقىڭ باشقىچە،
يۈكسەكتۇر شوھرىتىڭ بارچە تاغلاردىن!
— ھاجى ئەخمەت

تىيانشان! سەن شۆھرەتلىك تاغلارنىڭ سۇلتانى، دىيارىمىزنىڭ سىمۇۋولى، ئەركىلەيدىغان ئانام، چايقىتىپ ئوينايدىغان يايلىقىم. سېنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتىڭ، كۆزۈمگە ئالەمنىڭ پۈتكۈل مەلۇماتىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەۋلىيادەك كۆرۈنىدۇ. قار - مۇزلۇق چوققىلىرىڭ، كۆل - گىياھلىق ئېتەكلىرىڭ، يېشىل قارىغايلىق قاپتاللىرىڭ ۋە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى ئۇلغايتىدىغان باراقسان تاغلىرىڭ سەندە ئىنسانىيەت بەختىنى ئۇلۇغلىغۇچى بىر سېھرىي ھېكمەتنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز، ئايىغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى،
«ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۈل باغلىرى،» — دېگەن قوشاقلار سېنىڭ كۆكۆلزوقىنى تارتقۇچى رۇخسارىڭنىڭ ئاددى تەسۋىرى سۈپىتىدە توقۇلغاندۇر. ئەنە، ئېتىكى باغرىڭدا بۇژغۇنلاپ، كۆمۈش مارجان چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان تارىم ۋە ئىلى دەريالىرى ھاياتمۇئەككەللىرىدەك تىرىكلىكتە كېيەل ۋە تىنىمسىز ئىلگىرىلەشكە ھەمدەم بولۇپ كېلىۋاتماقتا.

تىيانشان! سەن ئەۋلادلىرىمىز بېشىغا سايىۋەن، ھاياتىغا پاسىۋانسەن. ئۇلار ھوزۇرلانغاندا گويا پەر ياستۇق، رەقىپلىرىگە قارشى جەڭ باشلىغاندا بولسا، قالقان بولۇپ كەلدىڭ. سېنىڭ باغرىڭدا پۈتۈلگەن تارىخ — قەھرىمان، قەيسەرلىكنىڭ تارىخى، شۇنداقلا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارىخىدۇر. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن گۈزەل قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىرى سېنىڭ بۈيۈك نامىڭ ۋە ئىززەت - ئابرويۇڭ بىلەن قوشۇلۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ. چاشتانى ئىلىك بەگنىڭ خەلققە بالا - قازا كەلتۈرگۈچى جىن - ئالۋاستىلارنى يوقاتقانلىقى، ئوغۇز خاقاننىڭ ۋەھشى قىيات بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئورغۇن قەبىلەلەرنى بىر بايراق ئاستىدا جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، دۈشمەنلىرىنى چېكىندۈرگەنلىكى. سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنىڭ كاتتىلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟

بۇنى رابىيە خېنىم مەھمۇتنى سېنىڭ باغرىڭدا ئەللەي ئېيتىپ چوڭ قىلدى. ئۇ ئەلەمساقتىن بىرىكى نامۇ - ھالىمىزنى « دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك » كە مۇجەسسەملەپ، كىشىلىك ئالەمنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلغان ئىدى. بۈيۈك دۆلەت ئەربابى، كاتتا سىياسىيون ۋە شۆھرەتلىك شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ قىيانلارغا غەرق بولىدىغان، بورانلاردا غۇلاپ چۈشمە -

گەن ھاياتى قۇدرىتى تېخىمۇ نامايەندە بولىۋاتقان مۇقەددەس ئابىدە «قۇتادغۇ بىلىك»ـ
نى سىنىڭ ھىممىتىڭنىڭ زورى بىلەن، سىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن يېزىپ چىققانىغۇ؟ ئۇ سە ـ
ۋەپلىك سەن ئۆزۈڭنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزۈڭدەك ئۈستۈن ۋە مەغرۇر قىلىپ قالدۇرغانمىدىڭ؟ ئىخ تىـ
يانشان! سەن پەزىلەت ۋە كارامەت بابىدا گويا بىر ئاجايىپخانا، ئەزەلدىن غەم ـ قايغۇر ـ
مۇدۇڭ، خۇشاللىقلىرىڭ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭ ۋە كېلەچەككە باغلىغان ئۈمىت ـ ئىشەنچـ
لىرىڭ سەنئەت مەيدانىدا ئەكس ئېتىپ كەلدى. سەنئەت دۇنياسىدا تەۋەرۈك ھىساپلانغان
12 مۇقامىڭنىڭ ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر ئاھاڭلىرىغا قىدىرخان ۋە ئامانىسالارنىڭ ئەجـ
رى سىڭىپ كەتكەن. يەنە سىنىڭ ناۋايى نەزمىلىرى ئوقۇلمايدىغان مەرىپەت ئاخشاملىرىڭ
بولغان ئەمەس. ئۇيەردە كىشىلەر پەزىلەت شارابىنى ئىچىشىپ، ئىلىم گۈلزارىنى ئارىلاپ،
قەلبىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە دانالىق تۇيغۇسى بىلەن ئىللىتىپ كەلگەنلىكى ھېچكىمگە سىر
ئەمەسقۇ؟

تىيانشان! سىنىڭ غەم ـ كۈلپەتلىرىڭنى يوقىتىش، قانلىق كۆز ياشلىرىڭنى قۇرۇتۇش
ئۈچۈن بوۋام سادىر باياندای سېپىلىنى بۇزۇپ، نەرە تارتىپ، لەشكەر سېلىپ، جەڭگاھقا
كىرىپ، چىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ جاھالەت كۈچى بىلەن ھىدىراپ تۇرغان قارا يۈرىكىنى سۇغۇ ـ
رۇۋالغان ئىدى. مانا قەھرىمان قىزىڭ نوزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرى، شۇنىڭدەك جەڭگىۋار سەر ـ
گۈزەشتىلىرىدىن توقۇلغان غەزەللىرى ھېلىمۇ تەلكە تاغلىرى ۋە ئىلى دەريا بويلىرىدا جا ـ
راڭلاپ، كىشىلەرگە مۇدھىش ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ۋەتەن سۆيەر ۋە مەرىپەتپەر ـ
ۋەر ئوغلۇڭ ئابدۇقادىر ئېزىزى (داموللام) سان ـ ساناقسىز تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، سىـ
نىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭگە داغ تەككۈزمەك بولغان ئەجنەبىلەرگە ۋە ساتقىنلارغا قارشى
كۆرەشتە پىداكارلىق كۆرسەتمىدىمۇ؟ يۈرەكلىرى سەن ئۈچۈن ئاتەش بولۇپ يانغان ئابدـ
خالىق ئۇيغۇر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ يالقۇنلۇق مىسرالىرى ھېلىھەم كىتاپخانلار تە ـ
پەككۇرىنى لەرزىگە ئېتىپ تۇرۇپتۇ. مانا بۇلار ـ سىنىڭ ئەزەلدىن قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلار ـ
نى، ئوبرازى ئۆچمەيدىغان سەنئەتكارلارنى، ئىلىم ـ پەن ئاشىنالىرىنى، ئىلغار پىكىرلىك
زاتلارنى، شۇنىڭدەك مۇتەپەككۇر ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىڭنىڭ بىشارىتىغۇ؟

تيانشان! سەن بۈگۈن باھار ئاپتىۋىدا نۇرلۇنۇپ يېڭى چىراي ئاچتىڭ. ھۆسنۈڭگە
ھۆسن قوشۇلۇپ، گويا ياسىنىپ سەھنىگە چىققان ئارتىستلاردەك جۇلالىنىپ تۇرىۋاتىسەن.

سىنىڭ ئوبرازىڭ ـ باھادىر خەلقىمىزنىڭ ئوبرازى. سىنىڭ قوينۇڭ ـ چەنتۇلمە ئۇۋا،
كۆمۈش سۇ، مۇنبەت تۇپراقلىرىڭدا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن شىرىن مېۋىلىرىڭ، تەڭگە مادار، ئاش ـ ئو ـ
زۇقلىرىڭ ۋە دۇمبىسىدىن ياغ تېمىپ تۇرىدىغان مال ـ ۋارانلىرىڭ، ئىسمى ـ شەرىپىڭنى
ئۇلۇغلىغۇچى سەر خىل ماتىرىياللاردۇر. ئەنە، چەتئەل بىمارلىرى تۇرپان ئۈزۈمى، قەشقەر
ئانارى، پەيزىۋات كۆكچىسى ۋە كورلا نەشپۈتلىرىنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ، شىپا
تېپىۋاتىمدۇ؟ سىنىڭ نازۇنېمەتلىرىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئاشقازان ئاغرىقىنى
تۈگىتىپ، ئىشتىھاسىنى تازا راۋان قىلماقتا. مانا ئۇلار خوتەن رەستىلىرىـ
دە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى قولىغا بىر ئالغانچە يەرگە قويـ
مايۋاتىدۇ. مۈرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىلىرىدا يەكەن، قاغىلىق ياڭاقلىرىنىڭ

شاراقلاۋاتقانلىقىنى سىزىش مۇمكىن. كىتاپخان! مۇبادا سىز ئۇلار چۈشكەن ياتاقلارغا باش تىقىپ قالسىڭىز، ساقلاپ يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان ئىلى ئالمىسىنىڭ خۇشپۇراق ھىدى دىمىغىڭىزنى مەس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزىدە كۈلكىدىن غەيرى ئالامەت كۆرمەيسىز.

سۆيۈملۈك تىيانشان! ھەسسا پخانىلىرى يېتىشمەيدىغان دەرىجىدىكى مول بايلىقلىرىڭ، كۆڭۈلـنى سۆيۈندۈرگۈچى ھۆسۈن-جامالىڭ ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەردىن پۈتۈلگەن شانلىق تارىخىڭ جاھان ئەھلىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا دەۋر قىلىپ تۇرۇپتۇ. سىنىڭ مۆجىزىلىرىڭنى بىر قېتىم كۆرـگەن، سىنىڭ رىۋايەتلىرىڭنى بىر قېتىم ئاڭلىغان ھەر قانداق سەيياھ ۋە ھەر قانداق تەتـقىقاتچى كىلەر قېتىملىق سەپىرىنى جەزمەن جىددىلەشتۈرىدۇ. ئۇلار سىنىڭ ئوتقاشتەك چىـرايىڭنى خىلمۇ - خىل بوياقلار بىلەن نەچچە - نەچچە رەت قەغەزگە چۈشۈرىۋالىدۇ. فوتو ئاپىراتلىرىنىڭ لىنزىلىرى تاكى تۈگەپ كەتمىگىچە ئۇنى قاپچۇغىغا سالمايدۇ. قانچە - قانچە قېلىن دەپتەرلەر سىنىڭ تەسىراتىڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن. مانا بۇلار سىنىڭ تەز-كىرەڭ توغرىسىدا ساقلىنىۋاتقان دەستە - دەستە كىتاپلارنىڭ داۋامىدۇر.

تىيانشان! سەن بۈگۈن مەغرۇر ھالىتىڭ بىلەن پارلاق مەنزىلگە قاراپ ئات سالـدىڭ. سەن يەنە يىڭى تارىخ باشلىماقچىسەن. تىيانشان! مەن سىنىڭ يۈرەك-باغرىڭنى يېرىپ چىققان ئۆز ئوغلۇڭمەن. شۇڭا مۇشكۇللىرىڭگە پىدا، زەپەرلىرىڭگە ھەر ۋاقىت ھەمسىدار-مەن. ساڭا مەڭگۈ قۇتلۇق بولسۇن!

(بېشى 72 - بەتتە)

گە پۈكۈپ، خانتەڭرى تېغىنىڭ چوققىسىغا بىر قاراۋېتىپ، " ئاللاھۇ ئەكبەر " نى 4 قېتىم، " ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللاللا " نى 2 قېتىم، " ئەشھەدۇئەننا مۇھەممەدىن رەسۇلۇللا » نى 2 قېتىم، " ھەييەئەلە سالاھ » نى 2 قېتىم، " ھەييەئەلەلپەلاھ » نى 2 قېتىم، " لا ئىلا-ھە ئىللەللاھۇ » نى بىر قېتىم ئوقۇپ، بالىغا " مەردان » دىگەن ئىسىمنى قويدى - دە، بالىنى جەينىمازغا يەتتە يۇمۇلۇتۇپ، ئانىسىغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

" مەردان!» دىگەن ئاۋاز چىقىش بىلەن پۈتۈن كەنت جانلىنىپ كەتتى. بۇ ئىسىم ھەش - پەش دىگىچە خانتەڭرى تېغىدىن ھالقىپ كاۋكاز، ھىمالايا، كوئىنلۇن، چاڭبەي-شەن تاغلىرىنى جاراڭلىتىۋەتتى. خانتەڭرى تېغى مەمنۇنىيەتلىك ھىس قىلاتتى.

مەھەللىدىكى چوكانلار ئانارخاننى مۇبارەكلەپ، نازۇك قوللىرى بىلەن رەڭمۇ - رەڭ قۇراق چاپان، پوسىملارنى تىكىپ كىرىشتى.

ئانارخان تۇنجى ئوزۇقنى " بىسمىللا » دەپ ئىلىمى - ھېكمەت مېغىزىنى چايناپ، مەردانىنىڭ ئاغزىغا سالدى. بۇ، " ئېغىز ئېچىش " ئىدى. مەردان مېغىزنى ھوزۇرلۇنۇپ يۇتتى. ئانارخان ئوغلىغا قانماي قاراپ، مەڭزىدىن سۆيۈپ، " باتۇرلۇق»، " پەھلىۋانلىق»، " مەردانىلىق» تا پېشانىسىدىن بېشارەت بەرگەن جىسمىنى باغرىغا بېسىپ قانماي قۇچاغ-لايتتى.

ئەي، ئىلىمى - ھېكمەت غەزىنىسى- مەردانىنىڭ تەرىپى ئۈچۈن ماڭا ئىسىل سۆزلەرنىـدىن سوۋغا قىل، ئىشىمنى باشلاپ كىتەي!...

# مەردان ۋە چولپان

**ئۆمەر مۇھەممەت**

«مەردان ۋە چولپان» — فانتازىيىلىك قىسسە بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مەردان بىلەن چولپاندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش جەريانى ۋە كۈرەش — پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەسەر جەمئىي 10 باپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ 3- بابىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

## 3- باپ

### خان تەڭرى تېغى ۋە مەرداننىڭ تەرىپى ھەققىدە بىر قانچە ئېغىز سۆز

خانتەڭرى تېغىنى تىلغا ئالغۇچى كىشى بۇ تاغنىڭ قەددى - قامىتى ۋە خاسىيىتىنى شۇنداق سۆز نەقىشلىرى بىلەن بىزەيدۇ:

خانتەڭرى تېغىنىڭ غەزنىسى پۈتۈن ئالەمنىڭ غەزنىسىدىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر، ھەمدە ئەڭ ئېسىل جان قۇتقازغۇچى دورىلار شۇنىڭدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن قوياش، تولۇن ئاي، يۇلتۇزلارمۇ باش ئېگىپ، ئالدىن نۇرىنى ئېبەرتىدۇ. مىڭ يىللىق باغلىرىدىن دۇنيادىكى ھەر قانداق «جەننەت» باغلىرىمۇ خىجىلدۇر.

چۈنكى، ئۇنىڭ كۈمۈشتەك چوققىلىرى ئاسمان قەرىگە مەغرۇر تاقاشقان بولۇپ، ھۆسنى قىش-ياز پارقىراپ تۇرىدۇ.

ئادىمى ئاتام، ھاۋا ئانىلار تۇنجى قېتىم مۇشۇ تەڭرى تېغى چوققىسىدا پەرزەنت كۆرگەن. باغرىدىن بوز ئېچىپ ئۇرۇق چاچقان.

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توپاندا يول تاپالماي قالغاندا، خانتەڭرى تېغىنىڭ جۇلالىق كۈمۈش نۇرى مەشئەلدەك يالتىراپ، ئۇز يېنىغا تارتىپ قۇتقۇزۇپ ئالغان.

ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى شەرققە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭغاندا، بۇ تەبىئىي قەلئە ئۇلارنىڭ يولىنى توسقان.

«يىپەك يولى» دىن كارۋانلار ماڭغاندا، خانتەڭرى ساھىپخانلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۇلارنى رازىمەنلىك ھېس قىلدۇرۇپ، لەززەتلىك تۇز - تائاملىرى بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان.

قەغەز، يىپەك، كومپاس ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ جاھانغا تاراپ، ئۆزىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان.

شۇڭا ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە ئېگىلمەي تىك تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ چوققىسى كۈمۈش-

تەك پاقىراپ تېخىمۇ نۇرلۇنۇپ، ئاق - پاك قەلبىگە ماس هالدا جۇلالىنىپ تۇرغان.

مانا بۇ مۆجىزاتىنىڭ قامۇسى - خانتەڭرى تېغىنىڭ ئېتىكىدە مەرداننىڭ بوۋىلىرى قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ، بۇ جاينى گۈل - گۈلىستان جەننەت بېغىغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

بوۋىلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى ئەللادىن بەش مىڭ يىل بۇرۇنلا دۇنيادىكى بارلىق كۆزلەرنى ئۆزىگە قاراتقان ئىدى. ئۇنىڭ جىسمى يەر بىلەن، ئىگىلمەس - سۇنماس بولۇپ، ئاشقازىنىدىن ئۈچەي - باغرىغىچە، چاچلىرىدىن - تىرناقلىرىغىچە ئەك ئېسىل دۇردانىلاردىن قۇرۇلغان. بۇ دۇردانىلار ئالەمگە ماددى - مەنىۋى بايلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدى.

دۇنيادىكى ھەر قانداق بايلىق ئۇنىڭ بىر تال پاقىراق مويىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. سېخىيلىقتا ئۇنىڭ قولى شۇنداق كەڭكى، قايسى بىر كىشى ئۇنىڭدىن سەدىقە سورىسا، نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ سەدىقە بەرگەن ئىدى.

"ئاللا" خانتەڭرىنى ئىگىز ياراتقان، ھەممە تاغلارنىڭ سەرخىلى قىلىپ ياراتقان. ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئاندىن باشقىلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيەر.

خان تەڭرى تېغىنىڭ باغرىدىكى بوزلاقدا خالىس تەر تۆكۈپ ياشاۋاتقان قامەتلىك 26 ياشلاردىكى ئىبراھىم سەھەر قوپۇپ، ئىستىقامەتتىن كېيىنلا خانتەڭرىگە قاراپ، "خۇدايا ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئاتا قىلغان پەرزەنتىڭنىڭ قامىتى خانتەڭرى چوققىسىدەك قامەتلىك بولسا،" دەپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە باش ئىگەتتى.

مانا، قۇياش خانتەڭرى تېغىنىڭ ئارقىسىغا پاتقان كۈنىنىڭ بىر كېچىسى ئىبراھىم ئايىلىغا: "دېڭىزدە سەدەپ بولمىسا، دېڭىز دېڭىز بولماس، مېۋىسى بولمىغان باغنى باغ دېگىلى بولماس. ئەگەر ئاسماندىكى بۇلۇتنىڭ يېغىنى بولمىسا، ئۇ، قويۇق ئىس - تۈتەككە ئوخشاشتۇر. چاقماق چاقماندا پال - پۇللا يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ دەرھاللا يوقىلىدۇ. ئوت ئۆچسە قايغۇرمىسىمۇ بولار. چۈنكى ئاستىدا قالغان چوغدىن يانا ئوت ياندۇرغىلى بولار. بىز گۆھەرى يوق دېڭىز، چوغى يوق ئوت بولۇپ قالمىساق، ھال ئوتتىمىزمۇ يامان ئەمەس. ئىزىمىزنى بېسىپ، ھېيت - ئايەملەردە قەۋرىمىزنى يوقلاپ قويارغا بىر پەرزەنت بولسا ئىدى"، دەپ 24 ياشلار چامىسىدىكى ئانارخاننىڭ مەڭزىگە قانىماي سۆيەتتى. گاھى ئىككىلەۋ يەلىشىپ، خىيالى ئۇزۇۋ نەغمىچە ئاجرالماي قېلىشاتتى. ئانارخان ئىبراھىمنىڭ دېگىنىدىن بەكرەك تەشنا ئىدى. ئۇ بىر پەرزەنت كۆرسە، ئالەمدىكى خوشلۇقنىڭ ھەممىسىنى يىغسا، بىرىمۇ تىلۇق خوشلۇققا تەڭ كەلمەس ئىدى. شۇڭا ئىبراھىمنىڭ بويىدىكى قولىنى تاكى تاڭ ئاتقىچە ئاجرىتمىدى.

ئالدىبۇرۇن ئىبراھىمنىڭ ئوڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ، ئاپپاقىقىنا يۇيۇلغان شايى ياغلىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

ئىبراھىم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادىتى بويىچە خانتەڭرى تېغىنىڭ چوققىسىغا قارىغان ئىدى، قۇياش سېخىلىق بىلەن نۇرىنى چاچقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى - دە، چوڭ يولدا جىلمىتلەرنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان ئوماق بالىلارنىڭ پەشانىسىگە سۆيۈپ غەلىبە تىلىدى. ئۇ ئۆز تىلاۋىتىنىڭ قاچان، قانداق ئەمەلگە ئېشىشىنى بىلمەيتتى، لېكىن ئىبراھىم ۋاپادارىنىڭ تۈن كېچىدە قەلبىنى يورۇتقۇچى گۈزەل، پاك، ئىشچان، پاراسەتلىكىدىن ئۈمىتلىنىپ، ئۇنىڭ رۇخسارىغا تويماي قارايتتى ۋە سەپ سالاتتى.

غورا - كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن پىشىپ مەي بولىدۇ. بىخ - كۆن ۋە نەملىكنىڭ تەسىرىدىن چوكۈيۈپ، ياپراق چىقىرىپ غول تارتىدۇ.

مانا، ئانارخان تولغاققا چۈشتى. ئىبراھىم خوشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتمىدى. ئۆي، هويلا، يۇرت، دۇنيا تارچىلىق قىلدى. ئانارخان ئىبراھىمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئىلاڭگۈچ ئۇچاتتى. ئۇگىسىدىن تۇنجى قېتىم قونداققا ئۇچۇپ چىققان كەپتەر باچكىسى ئانارخانىنىڭ خوشال يىغلىشىدىن هۈركۈپ ئۇچتى - دە، خانتەڭرى تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ قوندى.

ئىبراھىم ئانارخانىنى ماۋۇق كۆرپىگە سېلىقىنە ياتقۇزۇپ، ئەتراپقا قارايتتى. تۇغۇت ئانا كىرىشى بىلەن ئىڭرىغان ئاۋازدىن ئىبراھىم سەكرەپ ئاسمانغا يېتىشى تاقىشىپ، خۇشاللىقى ئالەمگە سىغماي قالدى. خوشخەۋەر بىردەمدىلا يېلانىتلار ئارا ئۇچۇپ، قوياشقا خەۋەر يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خانتەڭرى تېغى مەمنۇن ئىدى. خان تەڭرى تېغىنىڭ چوققىسىدىكى باچكا قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ ئۇگىسىغا كەلدى - دە، يەم ئېلىپ كەلگەن ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن يەملەرنى تۇگۈلۈپ - تۇگۈلۈپ تارتىپ يوكىنىنى تولدۇرۇپ، قاناتلىرىنى پۇتلىرى بىلەن مىتىرلاشقا باشلايتتى.

كالتايلاق * ئەھلى ئىبراھىمنى مەدھىيىلىشىپ، ئۈستىگە گۈللەر چاچتى، گۈل چاچتىلا ئەمەس پۈتۈن كالتايلاق كەنتىنىڭ ئۈستىگە دۇنيانىڭ هەر تەرەپلىرىدىن كەلگەن گۈل دەستىلەر تىزىلىپ، ھەيۋەتلىك «گۈل دەستە تېغى» نى ھاسىل قىلدى. 26 ياشلىق ئىبراھىم كۆلگىنىدىن سەدەپتەك چىشلىرى پارقىراپ كەتتى، مۇبارەكلىگۈچىلەر هويلىسىدىن ئۆزۈلمەيتتى. ئۆتكۈر كۆزلۈك يۇمران بوۋاقنىڭ رۇخسارى ئاپپاق سۈتكە ئوخشايتتى. كۆزى قۇندۇزدەك، بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەردانىلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ نۇر خانتەڭرى چوققىسىدىكى يالتىراق نۇر بىلەن بەسلىشەتتى. ئىبراھىم رەسمىيەت بويىچە تاھارەت ئېلىپ قىبلىگە قاراپ بالىسىنى دۇردۇن كۆرپىگە ياتقۇزۇپ، جەينىمازدا تۇرۇپ، "بالىغا ياخشى ئىسىم قويۇش ئاتا - ئانىنىڭ پەرزىدۇر"، "جاھاندا ئىنسان ئۈچۈن ئەۋلاتلار بەختىگە كۆيۈنۈشتىن ئۇلۇغ ئىش بولمىسا كېرەك" دېگەننى كۆڭلە-

* يۇرت ئىسمى

(ئاخىرى 69 - بەتتە)

# ئاپتاپ ئاستىدىكى خورەك ئاۋازى

**مەن چەك**

دەرىخان ئۇخلىماقتا چۈشلۈك ئۇيقىسىنى
زېمىن كۆرمەكتە يېقى چۈش...

چىڭقى چۈش،
جىم ـ جىتلىق.
ئۈزۈملۈكتە
لەرزان يەلپۈنمەكتە شامال،
كەتمەن سىپىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلايدۇ دېخان،
خورەك تارتىپ بىمالال.

ئاپتاپ سوزۇپ نازۇك قوللىرىنى
قايرىدى ئۈزۈم تېلىنىڭ پەردىسىنى.
تال ـ تال شولىلار كارۋاتنىڭ كۆرپە ئۇستىگە
چاچقان بېھىساپ تەڭگىسىنى.

بىر نەچچە كېپىنەك
ئۇينىشماقتا گۈللەرنىڭ نازۇك تەختىدە.
ياپراقلار ئالماقتا ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى
قاناتلىرىغا سۆيۈنۈپ سىلىق مەيىن ئىدە.
بەئەينى
ئاسماندىن چۈشۈپ پەرىشتىلەر
سىڭىپ كەتتى دوپپىنىڭ گۈللۈك جىيەكلىرىگە.
كېپىنەكلەر
دېخاننىڭ مەيىنى گۈلىمىكىن دەپ،
ئەگىشەتتى، قانىتى بولۇپ ئىستەكلىرىگە.
دېخان بويىنىدىكى
ئۈزۈمدەك تەر ئۈنچىلىرىنى
ئوخشىتىپ گۈل چېچىدىكى شەبنەم زىننەتلىرىگە.
باھار قوشتان ئىللىق ھارارىتىنى
شامال قوشقان سالقىنلىقىنى،
تولۇپ بارغىنىڭ قات ـ قات ئېتەكلىرىگە.

يېقىنىڭ بىر سادا،
كۆلكىنىڭ سىلىق ساداسى كەبى

دېخاننىڭ يېقى كىيىمى شىرىلداپتى
ئەركىلەپ يېقىنلاپ
لېرىكىلىق ئۈزۈم ياپرىقى
قوشۇلۇپ شىلدىرلايتتى،
تاغلىق يېزىغا چۈشتە يېقى كەلگەندەك.

يىراقلاردىن كەلگەن ئىللىق بىر ئېقىم
ئېلىپ كەلدى قارلىق تاغنىڭ تەبرىكلىرىنى
يېشىل يايلاقنىڭ مەدھىيىلىرىنى.
راۋاپنىڭ كۈمۈشتەك ئاۋازى گويا
ئىزھار قىلىپ ئۈزۈملۈكنىڭ سىمپونىيىسىنى
تاغلىق يېزىدىكى بۇ خورەك ئاۋازىغا
تەڭكەش قىلدى نەغمىلىرىنى.

شۇ چاغ،
قەدەم تېپۈشى ئويان ـ بۇيان ماڭغاندەك
بولدى،
خۇددى بايخوجا يىنىغا
زوقلىناتتى گۈزەل باغلىرى.
يېرىسى قانائەت،
يېرىسى تەمەننا
قوش قانات ئىشىكتەك ئېچىلىپ
چىقىپ كەتتى ئۆتمۈشنىڭ داغلىرى.
تۈزەلدى شاخ ـ ياپراقلار
ئۈزۈپ تاشلاندى كونا پالاكەتلەر.
قەد كۆتەردى قايتىدىن بارالىق
قەد كۆتەردى يېشىل تاغدەك ئالامەتلەر.
بولۇپ ئاي نۇرىغا بۆشۈك،
بولۇپ قوياشقا روھ'ل
ئاۋغۇست شامالىرىدەك
ئۈزۈلمەس سائادەتلەر.
بولۇپ پەيدا ئاي نۇرى ئاراسىدىن

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ دالاسىدىن
يېنىككىنە سىلاپ-تازىلاپ
ساقايتىپ قاغجال جاراھەتلەرنى.
نېچۈن شۇنچە ھاياجانلىققىن دېسەم
قىسقىغىنا چۈشلۈك ئۇيقۇ
يۇيۇپ كېتىپتۇ
نەچچە ئەۋلاتلىق ئۇزۇن مالامەتلەرنى.

ئاھ!
چۈشلۈك ئۇيقۇ نەقەدەر تاتلىق،
ھاۋادا تەۋرىنەر سۈزۈك بىر سادا
بۇزۇپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇرۇختۇملۇقنى
ئۈزۈلمىگەنلىكنىڭ ئىنتىزارى بىلەن
تازىلاپ ئۇزۇن سېغىنىشنىڭ تۇيغۇلىرىنى.
جۇڭگونىڭ ئاچ قالغان تۇپرىقى،
قانلىق ياش بىلەن سۇغۇرۇپ،
ئەقىدە ۋە غايە ئارقىلىق
تىكلەپ باھار ئىلاھىنىڭ گۈزەل قورۇلىسىنى.
بۇرۇن ئۈزۈلگەن شېئىرى مىسرالار
تۇتاشتى ئۈزۈمنىڭ دانىلىرىدەك.
بىر مەزگىل ئۆچكەن ئاپتاپ
چاقنىدى ئۈزۈمنىڭ سۈزۈك مارجانلىرىدەك.
قايتىدىن قەد كۆتەردى باراڭ
يېڭى چۈشنىڭ ئارمانلىرىدەك.

شۇ چاغدا،
خورەك تارتقان دېھقان
مەس كىشىدەك
ئەسلەيتتى چۈشىدە كەزگەن بازارنى،
چۈشىدىكى بايلىقنىڭ پەشتاقلىرىنى،
ماگىزىنىنىڭ چوڭ ئىشىكلىرىنى.
خوتۇنىغا ئالغان ھالقا - زىرىلەرنى،
قىزىغا ئالغان ئەتلەس كىمخاپلىرىنى،
ئوغلىغا ئالغان ئۆتۈكلىرىنى،
ئالغان راۋاپنى سىناپ چالغانلىقىنى
دوۋنا پۇلنىڭ قولىدا چاقنىغانلىقىنى
نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ زوقلۇنۇپ قاراشلىرىنى.

ئېھتىمال،
قەلبىنى قاپلىغان شاتلىق،
چاچماقچى بولدى تاتلىق تۇيغۇلىرىنى.
لىكىلداتتى قوچقار مۈڭگۈزى كەبى
ئېگىلگەن قارا بۇرۇتلىرىنى.
ئىللىق تەبەسسۇم
لەپ قىلدى لىۋىدە،
ئۇنىڭ بىر ناخشا
ئۇچقۇنلىدى كىرپىكىدە.
ئۇچقۇنلاردىن چىقىپ بىر نەچچە مىسرا
ئىزھار قىلدى چېگرىسىزلىك يېڭى ئۇتۇقلىرىنى
ئۈزۈلمىگەنتىن تارقىلىپ ئۇ
دۇنيانىڭ قات - قات ئۇپۇقلىرىنى.

چېكىتقى چۈش،
جىم - جىتلىق.
ئۈزۈلمىگەنتە
ئاڭلانماقتا خورەك ئاۋازى،
جۇڭگونىڭ تۇپرىقىدا
دېھقان ئۇخلىماقتا چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى.
ئاپتاپ ئاستىدىكى چۈش
تىترەتمەكتە ئاسمان-زېمىننىڭ تۇيغۇسىنى.

(«چېگرا» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 4 - سانىدىن يۇسۇپ ھۆسەيىن تەرجىمە قىلغان).

## ئاپتور ھەققىدە

مىن چىڭ - خەنزۇ، ئەر، 49 ياش، فۇ جيەن شامىنلىق. «يېپەك يولى» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 50 - يىللاردىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان، مەملىكەتىمىز ھەر قايسى گېزىت - ژورناللىرىدا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1957 - يىلىدىن باشلاپ ،كىشىلەرگە مەلۇملۇق سەۋەبلەر تۈپەيلى قەلەمكەشلىكتىن 20 يىلدىن كۆپرەك ئايرىپ تاشلانغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كونا كەسپىنى يەنە قولغا ئالدى. ئۆلكە دەرىجىلىك ژورناللاردا يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭ 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يازغان ئەسەرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «چېگرىدىكى يېڭى نەغمىلەر» بىلەن «شىنجاڭ ھازىرقى زامان شېئىرلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

# پۇل

پاك يۈكلىياڭ

مەن بىر پۇخرا. ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پۇل تاناپلىرىغا باغلىنىپ ئۆتكەن. يالغانچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. بەزىدە چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ كېچە - كۈندۈز ئوخلىماي بىر ياماقنى ئىككى قىلىپ خەجلەش ئۈچۈن جان تىككەتتىم.

ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە بېپەرۋالىق بىلەن ئۆتكەن بولسامۇ، ئەقلىمگە تولغاندىن كېيىنكى خاتىرىلىرىم كۆپ. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەن خىزمەتكە قاتناشتىم. ئايلىق مائاشىم 37 يۈەن ئىدى. تۆۋەن مائاشلىق، خىزمەت تېپىش ئاسان بولغان شۇ يىللاردا 37 يۈەنلىك مۇئاش كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان ئىش ئىدى. ھالبۇكى مېنىڭ 37 يۈەن پۇلۇمنىڭ ئون يۈەنى ئۆي جابدۇغى ئۈچۈن ئايرىلاتتى. تاماق راسخودى ئۈچۈن ئون بەش يۈەن ئايرىلاتتى. قالغانلىرى كىيىم - كېچەك ئۈچۈن سەرپ بولاتتى. كىتاب - ژورنال قاتارلىق راسخوتلار، كىنو كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى موچەن خەجلەيتتىم. پۇل خەجلەش جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم ئويلايتتىم.

61 - يىلى باھار پەسلىدە، ئانام ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. مەن ئۇنى يولدا يۆياگىدىن ئۆتتۇم. بېكەتنىڭ سىرتىدىن بىر يوپۇقزا ئېلىپ يانچۇققا قارىسام بەش موچەن قاپتۇ. قورقۇپ كەتتىم. گازاكچۇغا بېرىپ، ئىستىمال دۇكىنىدىن ئانامغا بېرىش ئۈچۈن بىر جىڭ پېچىنە ئالدىم، 16 يۈەن كەتتى. قالدىرىم تامچىپ چىقىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. شۇ قېتىم ئۆي يوقلاش جەريانىدا بوغۇلغان قەرزلىرىمنى 3 يىللىق مۇئاشىمنى تۇتۇش ئارقىلىق تۈلەپ بولغان ئىدىم.

مېنىڭ جاپادا 65 - يىلىغا يېتىپ كەلگەندە خىزمەت ئىستاژىم توققۇز يىللىق بولۇپ قالغان ئىدى، 2 - دەرىجىلىك مۇئاش ئالىدىغان بولغان ئىدىم، ئايلىق مۇئاشىم 49 يۈەن بولغان ئىدى. بەختىمگە يولدۇشۇممۇ مۇئاشلىق بولغان ئىدى. ئىككىمىزنىڭ مۇئاشىنى قوشقاندا يۈز يۈەنگە يېتەتتىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئامەت ھېساپلىناتتى. ئىككى موچەنلىك كىنو بېلىتى ئۈچۈن باش قاتۇرمايتتىم. چېپەرقۇتقا ئوخشاش رەختلەردىن بىر-ئىككى تو كىيىم كىيىشكىمۇ پېتىنالايدىغان بولغان ئىدىم. بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دېگەن ئىنقىلاپ، كېلىپ جېنىمىغا تاقالدى. مەنمۇ يېڭى بىقچىلىق بىلەن بالاغا قالدىم. «گېزەندە» دېگەن شەرەپلىك قالپاققا مۇيەسسەر بولدۇمۋە نەزەربەنت قىلىنىپ، يۇرتۇمغا قايتۇرۇلۇپ رېجىم ئاستىدىكى ئەمگەككە سېلىندىم.

مەن تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيى پۈتۈنلەي ناھىيىلىك ئىنقىلاۋى كومىتېت تەقدىرنامە تارقاتقان دۈي ئىدى. كۈنلىك ئەمگەك ھەققى ئۈچ موچەنگە توغرا كېلەتتى. ئەتراپتىكى دۈيلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەر ھالدا كىرىمى چىقىمىنى قاپلايتتى. مەن «سىنىپى دۈشمەن»گە مەنسۇپ بولغاچقا، ھەر يىلى «خالىس ئەمگەك نورمىرى» دەپ ئون نەچچە نومۇرنى تۇتۇپ قېلىشاتتى. ھەر يىلى تەقسىم قىلىنىدىغان نورما ئاشلىق يۈز نەچچە جىڭ بولۇپ، كۆمەك بىلەن بانان تالقىنى ئىدى، بۇنىڭغا قوساق تويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بازارغا بېرىپ، جىڭى سەككىز موچەنگە كېلىدىغان گۈرۈچ ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. جىڭى سەككىز موچەن بولغان گۈرۈچنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيۈمنى چۇۋۇپ، ئىككى تال ياغاچنى ساتقان ئىدىم. ئۆينى چۇۋۇپ سېلىنغان 300 يۈەن پۇل بىلەن ئۆزۈمنى قۇتقۇزغان ئىدىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، نامىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇندىن كېيىن زىيالىلار قاتارىغا كىردىم. مۇئاشىم تۆت دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، بۇچاغدا كىرىمىم مەركەز كۆرسەتكەن دەرىجىدىن تېخى يىراق بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە ئاشقان ئىدى. مەن پۇل تاناپلىرى ئىچىدىن بوشۇپ چىقتىم. ئۆيۈمگە رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىيىم يۇيۇش ماشىنىسى قاتارلىق تۈۋارلار تولدى. ئۇ مەن يۈەنلىك ئالىملارغا سېلىشتۇرغاندا مەن تېخى تۆۋەن سەۋىيىلىك. لېكىن ھەر قايسى ئالىملارنىڭ پۇلى بولدى. شۇنداق قىلىپ، ماڭا ئاخىرىچە تىنەلگەچىقىش توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. مەن چىن قەلبىمدىن گۈللىنىۋاتقان دەۋرىمنى مەدھىيىلىمەكتىمەن.

ئاپتور ھەققىدە:

پالۋ يۈگلىيالۋ - خەنزۇ، ئەر، 47 ياش، گۇاڭدۇڭلۇق. «يېڭى يولى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۆلكە ئىچى - سىرتىدىكى گېزىت - ژورناللاردا ئۆزىنىڭ نەسىر، ھېكايە ۋە تەسىرات خاتىرىلىرى ئېلان قىلىنغان.

يۈسۈپ ھۆسەيىن تەرجىمىسى

# غەزەللەر

### جېلىلى

## ئەي گۈزەل رەنا

ئەي گۈزەل رەنا، سېنى كۆردۈم ئېتىز ـ مەيدانىدا مەن،
ئۈنچە تەر دەريا بولۇپ ئۆركەشلىگەن قاينامىدا مەن.
چاي تۇتۇپسەن مەرت، جەسۇر، ئىشچان يىگىتلەر سېپىدىن،
"لىپپىدە" بىر قارىدىڭ چەكگاھ تامان ماڭغاندا مەن.
غەيرىتىڭ، چەبدەسلىكىڭ رام قىلدى مېنى ئۆزىگە،
رام بولاي نىچۈن بۆلەككە، دىلرابا تاپقاندا مەن!؟
لەيلىگە كۆيگەن يىگىت ـ مەجنۇن كەبى كۆيدۈم ساڭا،
ئوتقا چۈشكەن قىلغا ئوخشاش ئۆرتىنىپ گۈلخاندا مەن.
ياخشى پۇرسەتتە ساڭا قەلبىمنى ئىزهار ئەيلىدىم،
تىڭشىدىم شېرىن زەبانىڭنى چىمەن ـ بوستاندا مەن.
سەن دېدىڭ: "ئاشىق يىگىت، كۆڭلۈڭ ماڭا بولدى ئايان،
مەشۇغىڭ بولسام بولاي، ئىشتا سىناپ باققاندا مەن.
بولسا غەيرەت ـ جۈرئىتىڭ بىگىسىڭنى كۆرسەتكىن قېنى،
دىل بېرەي مەڭگۈ ساڭا، قايىللىغىم تۇتقاندا مەن".
ئەي گۈزەل رەنا، ئۆزەڭ بەرگەچكە زور ئىلھام ماڭا
ئەگىمىدىم مۈشكۈلگە باش تاغۇ ـ داۋان ئاشقاندا مەن.
سېنى دەپ كۈندۈز ـ كېچە جاننى تىكىپ قىلدىم كۈرەش،
شاتلىنىپ كۈلدۈڭ راسا، ئالتۇن كېنى ئاچقاندا مەن.
سەن مېنى سۆيدۈم دېدىڭ، چەككەن جاپايىمنى كۆرۈپ،
تاقىدىڭ مەيدەمگە گۈل، شانۇ ـ شەرەپ قۇچقاندا مەن.
چاقىرىق كەلگەن كۈنى ۋەتەن تويىغا مەن ئۈچۈن،
"ئەي جېلىلى، خوش!" دېدىڭ، بېيجىڭ تامان ئۇچقاندا مەن.

## ئاۋارە بولما

بىر نىگار تاپتىم، ئۈنىڭ خۇلقى ئەجەپ ئوڭلۇق ئىكەن،
سۆيگۈگە بەرگەن دىلى گويا كى بىر چوغلۇق ئىكەن.

ئۇنى تۇققان ئانىسى قوياشمىكىن يا ئايمىكىن؟
ئۆزى پەرىزات مەسەللىك، يۈزلىرى نۇرلۇق ئىكەن.
يارىشىپتۇ بويىغا ئەتلەستە تىككەن كۆينىكى،
باشقا كەيگەن دوپپىسى كۆركەم، چىمەن گۈللۈك ئىكەن.
ساغرىغا چۈشكەن تېخى بىر جۈپ ئۆرۈم قۇندۇز چېچى،
خۇش پېئىل، شىرىن زەبان، قائىدە - يوسۇنلۇق ئىكەن.
كۈيىگە مەپتۇن ئۇنىڭ بۇلبۇل چىمەندە تاڭ سەھەر،
كۆكنى چاك كەلتۈرگىدەك، ئاۋازى بەك مۇڭلۇق ئىكەن.
قولىدىن كەلگەي ئۇنىڭ ئەل نەپىگە ھەر ياڭزا ئىش،
دۈشمىنى - يالغانچىلىق، مېھنەتتە ھورۇنلۇق ئىكەن.
يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ئىشچان، چېۋەر، مەردانىدۇر،
ئاشۇ قىزلار ئىچىدە يارىم خېلى غوللۇق ئىكەن.
ئاڭلىسام، جەڭلەردە ئۇ قوچۇپتۇ نۇرغۇن شان - زەپەر،
ئول نىگار سەپ ئالدىدا ماڭغان قىزىل تۇغلۇق ئىكەن.
ئەي جىلىلى، شاخ ساناپ ئاۋارە بولما ئەمدى سەن،
يېگىدىن تۇتقان نىگارىڭ ساڭا باپ، يوللۇق ئىكەن.

## كۆرەي

ئەي ياران، تۆھپەڭنى مەن بوستان دىيارىڭدىن كۆرەي،
چىن تەشەككۈرغا مۇناسىپ ئىقتىدارىڭدىن كۆرەي.
كۆتىرىپسەن ئەل بىلەن مېھنەت - كۈرەشنى ئەۋجىگە،
تاغنى تالقان قىلغىنىڭنى كۈچ - مادارىڭدىن كۆرەي.
كەلتۈرۈپسەن شان - شەرەپ مىللەت ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن،
پاك، ئۇلۇغ ئادەملىگىڭنى ئىپتىخارىڭدىن كۆرەي.
پەن - بىلىم نۇرلۇق چىراقتۇر، سەن ئۇنىڭ پەرۋانىسى.
نۇرغا زار - تەشنالىغىڭنى ئىنتىزارىڭدىن كۆرەي.
ئىختىرا - ئىجات ئۈچۈن زېھنىڭنى ئۇرغۇتتىڭ يەنە،
ئوت كەبى قىزغىنلىغىڭنى ئىختىيارىڭدىن كۆرەي.
بىر ئىسىل خىسلەت كۆلى چاچتى ۋۇجۇدۇڭدىن ئىپار،
مەن سېنىڭ گۈزەللىگىڭنى نەۋباھارىڭدىن كۆرەي.
دەر جىلىلى " ئەي ياران، چىققىن ئۇلۇغۋار يەللىگە،
مەرتلىگىڭنى دىلدىكى ئوتلۇق قارارىڭدىن كۆرەي."

# شېئىرلار

مەمتىمىن زىبىبۇللا

## ئانىجان، بۆشۈككە بۆلىمەك مېنى

جان قوزام، نارام ئال دىسىڭىز ئەگەر،
ئانىجان بۆشۈككە بۆلىمەك مېنى.
قولۇم ۋە پۇتۇمنى تېڭىپ تارتقۇداپ،
ھەدىسە ئۇيقىغا يۆلىمەك مېنى.

بولغانىغۇ سىز مېنى بۆلەپ ئاۋارە،
چۆشەكتە مەن قىتراپ پۇت ئاتقان چېنى.
بۇلاقتەك كۆزۈمدىن ئاققان ئىدى ياش،
قەلبىمدىن كەتمىدى ئەلەمنىڭ دېغى.

كۆرمىدىم بۆشۈكتە ئازادىلىكنى،
چوڭ بولدۇم چوڭلاردەك ئەركىمچە ياشاي.
ئەركىنلىك ئالىمى - ئادىمى بولۇپ،
ئانىجان زېمىنگە باغرىمنى ياقاي.

ئانىجان، بۆشۈككە بۆلىمەك مېنى،
ھەدىسە ئۇيقىغا يۆلىمەك مېنى.

## ھەدىيە

تاتلىق گەپ، تاتلىققا كۆنگەندە كۆڭلۈك،
ئاچچىقنى تەگلىدىم، چېچىلدىلىك ئەجەپ.
ھە، بىلدىم، خۇمارلىق تاتلىقتا ئىكەن،
ئاچچىقتىن چىقاركەن سەندىكى غەزەپ.

تاتلىقتىن مەسخۇش بوپ قالساڭ ئەگەردە،
چۈچۈشقا ئارىلاپ پايدىسى بولسۇن.
ھەدىيە قىلاي مەن ئاچچىقنى ساڭا،
ئاچچىقنىڭ تاتلىقى قەلبىڭدە تۇرسۇن.

## قىران پەيتىمدە

كارۋانلار قاتارى مېڭىپ سەپەردە،
سەپەردە ياشلىقنى تۆكەتتىم مەڭدەپ.
تىرىشىپ-تىرمىشىپ باقتىم ئالدىمغا،
ئۆتىمەن داۋاندىن بۇ يولنى كەڭ دەپ.

ۋاھ ئەجەپ يولكەن بۇ داۋانلىرى كۆپ،
ناتىۋان كۆللەرنىڭ ئەتراپى ئازغان.
نادانلىق ئىلكىدە بىلمەيلا ئۆتتۈم،
كىملەر ئۇ يول تۈزلەپ، ئازغاننى قازغان؟

قىرانلىق پەيتكەندە غۇرۇرۇم بىرلە
سەپەرنى، خەتەرنى چۈشەندىم - كۆردۈم.
ناتىۋان كۆللەرنىڭ سا ئادىتىگە،
بىلىمنى باغلىدىم، سەپەرگە يۈردۈم.

## تومۇرۇمدا

ئەجدات قېنى ئاقار لەبالەب،
تومۇرۇمدا - يۈرەك قېتىمدا.
ۋارىسلىققا ئۈندەيدۇ مېنى،
دولقۇنلىنىپ ئاققان رىتىمدا.

تومۇرۇمدا ئاققان ئەشۇ قان،
ئەرك قېنى ھەممىگە ئايان.
ھەر تامچىسى شاھىت قەلبىمگە،
غورۇرۇمنى قىلار نامايان.

ھەر رىتىمى ۋىژدان خىتاۋى،
ھارام قانلار قېتىلالمايدۇ.

ئەسلىمىۇ پاك، نەسلىمىۇشۇ نداق،
ياتلار مەڭگۇ چېقىلالمايدۇ.

### يونما

"تۇرۇپ تۇر» - دەپ، ئۆگزىگە
شوتا قىلدىڭ دولامنى.

چىقىۋېلىپ تونماس
بولۇپ قاپسەن غولامنى.

سادىغاڭ كېتەي بۇرادەر،
تونىمىساڭ تونما.
يات ئالدىدا غاجىلاپ،
يۇرۇگۇمنى يونما.

>>>>>>>>>>>>

## بىر مەسكە نەسىھەت

( نەزمى ھىكايە )

### ئابدىرېھىم توختى

بىر كۈن يولدا بىر مەسكە ئۇچراپ قېلىپ بىر سۆزمەن،
ئويلىدى ئۇ، خېلىمىنى قايىل قىلدىم سۆز بىلەن.
تۇرۇپ يەنە ئويلىدى، ئىبارىلار خىللىدى،
مەسنى چوقۇم سۆز بىلەن كۆندۇرۇشنى كۆزلىدى.
دىدى: ياخشى يىگىتسەن، شەنىڭگە باپ سۆز قىلغىن،
ھەرگىز - ھەرگىز باشلىقنى تىللاپ يۇرمە، يۈز قىلغىن.
باشلىغىمىز پەيلى كەڭ يۇۋاش - يۇمشاق رەھىمدىل،
تىگىشىمىسەڭ كارى يوق، خىسلەتلىرى بەك ئېسىل.
كەلسەڭ - كەتسەڭ ئىشىڭغا كەلدىڭ - كەتتىڭ دىمەيدۇ،
ئۆگۈن كەلسەڭ ئەرتە دەپ، ئەرتە دەپتىڭ، دىمەيدۇ.
مەن سېنىڭدىن ئۆتۈنەي، باشلىغىمىزنى سۆكمىگىن،
ئۆزۈڭ ياخشى كادىرسەن، ئابرويىڭنى تۆكمىگىن.
مەس دىدىكى دەلدەڭشىپ: ئەپكەل يەنە ئىچىمەن،
ئۇنداق باشلىق بىر تىيىن، ئاڭا بىر تون پىچىمەن.
نەسىھەتچى كۆڭلىدىن " تىت - تىت " بولۇپ ئىچىندى.
بۇ نالايىق سۆزلەردىن خاپا بولۇپ چىچىلدى.
يەنە دىدى قانچىنى تاللاپ قويغان سۆزىدىن،
كۆچاپ سۆزلەپ ئۆزۈلمەي تەر ئاقاتتى يۈزىدىن.
"ماڭ، كەت»، دىدى قول شىلتىپ مەس ئۇنىڭدىن زىرىكىپ،
نەسىھەتچى سۆزلەيتتى توۋلاپ - تېشىپ، تىرىكىپ.

مەس دەلدەڭشىپ يىقىلدى نەسەھەتچى پۇتىغا،
سىپىسىق قۇسۇق تۆكۈلدى بەل ئارىلاش يوتىغا.
نەسەھەتچى بۇ ئىشتىن بەك پۇشايمان يەپ قالدى،
بىلمىگەنگە سۆزلىگەن " ئىسىت سۆزۈم" دەپ قالدى.

# بولمىسا

## نىياز قەييۇم

ئىچىلمىدۇ گۈل - چېچەك ئىللىق باھارى بولمىسا،
سايرىغايمۇ شاختا بۇلبۇل گۈلئۇزارى بولمىسا،
ئاشىقى نە ئەتىۋا سۆيگەن نىگارى بولمىسا،
باغ بولامدۇ دەشتى - چۆل، ئالما - ئانارى بولمىسا،
ئەر بولامدۇ ئۆز ئىلىگە ئېتىقادى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دېگەي ۋىجدانى - ئارى بولمىسا.

بەرمىسە مىۋە بولامدۇ سۇ ۋە يەرنىڭ قىممىتى،
بىھۇدە كەتمەمدۇ مېھنەت بەلكى تەرنىڭ قىممىتى،
خەرىدارى بولمىسا بولامدۇ زەرنىڭ قىممىتى،
تۆھپىسى زور بولمىسا بولامدۇ ئەرنىڭ قىممىتى،
ئەر بولامدۇ غەيرىتى ئەمگەكتە جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دېگەي ۋىجدانى - ئارى بولمىسا.

ئۆزىنى ئار بىلسە كىم ئۆز ئىلىن سۆيمەك كېرەك،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارنى تۇتىيا بىلمەك كېرەك،
سۈيىدە ئېقىپ ۋەتەننىڭ ئوتىدا كۆيمەك كېرەك،
يىغلىسا ئەل بىللە يىغلاپ، كۈلسە تەڭ كۈلمەك كېرەك،
ئەر بولامدۇ ھۆرمىتى ئەمەلدە جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دېگەي ۋىجدانى - ئارى بولمىسا.

جان پىدا قىلماي تۇرۇپ مەجنۇن كۆرەمتى لەيلىنى،
قورقسا گەر جاپاسىدىن بىللە قىلامتى سەيلىنى،
غېرىبى ھەرت بولمىسا سەنەم بېرەمتى مەيلىنى،
چۆل كىزىپ يۈرەس ئىدى بىلىشمىسە خۇي - پەيلىنى،
ئەل بولامدۇ شەپقىتى يۈرەكتە جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دېگەي ۋىجدانى - ئارى بولمىسا.

كېتىدۇ بىر كەپىنى ياساش ئۈچۈن كۆپچىل ئامال،
شۇنچە كەڭ گۈلشەن دىيار ئەمگەك بىلەن تاپقان كامال،
بولدى گۈم تالەي سىناپ زاغىلار قىلالماي ھېچ ئامال،
مەرتلىرى بولغاچقا سادىق دۈشمەننى تاپتى زاۋال،
ئەر بولامدۇ سۆيگۈسى چىن دىلدا جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دىگەي ۋىجدانى ـ ئارى بولمىسا.

بولسا كىم بولماق يىگىت، ئەخلاقنى چىن دوست تۇتقۇسى،
بى ئەدەپ بىدئەت قىلمىقتىن ھەرنە خالى ئۆتكۈسى،
قايغۇ ھەم شاتلىقتا بىردەك ئەل قېشىدا بولغۇسى،
ئەل زەھەر ئىچسە ئىچىپ، بال ئىچسە بىللە يۇتقۇسى.
ئەر بولامدۇ ئىززىتى ھەركەتتە جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دىگەيۋىجدانى ـ ئارى بولمىسا.

قەييۇمى بىلسەڭ شۇنى ۋەتەننى جانان ئەيلىگەن،
ئۇنچە ـ تەرلەر ئاققۇزۇپ، ۋەتەننى بوستان ئەيلىگەن.
ياي ئەجىر دوستـانى خەلقىنى مېھمان ئەيلىگەن،
ئەل ئۈچۈن كەلسە سىناق جانىنى قۇربان ئەيلىگەن.
ئەر بولامدۇ ۋەتىنىگە مېھرى جارى بولمىسا،
كىم ئۇنى ئادەم دىگەي ۋىجدانى ـ ئارى بولمىسا.

# كۆمۈر كۆيگەنـدە...

### ئابلىز ھەلىمدىن

قاپ ـ قارا كۆمۈرنى كۆيدۈرسەم مەشتە،
بىردۇ ئۇ ماڭا ئىسسىق ھارارەت.
قوزغايدۇ قەلبىمدە كۆمۈرنى قازغان،
ئوت يۈرەك ئىشچىغا چوڭقۇر مۇھەببەت.

خەلق ئۈچۈن ئىشلەشكە جان ـ دىلى بىلەن،
ئۇرغاچقا ئىشچىنىڭ قەلبى جوش ئۇرۇپ.
ئالدۇ كۆمۈرنى مىڭ جاپا بىلەن،
تاغلارنى بۇزغىلاپ، بازغانلار ئۇرۇپ.

بولىدۇ ئىشچىلار شۇنچە بەك خوشال،
كۆكلۈس بوپ يانغاندا مەشتە كۆمۈرى.
بەختلىك سېزىدۇ ئۇلار ئۆزىنى،
ئۆتسىمۇ جاپالىق، تاغدا ئۆمرى.

بولاتتىم مەنمۇ ھەم ئۆزەمدىن رازى،
شۇ ئىشچى دوستلاردەك ئۆتسەم جاپالىق.
بىر پارچە كۆمۈرنىڭ تەپتىدەك، ئەلگەـ
ئۆمرۇمدە يەتكۈزسەم بىرەر ۋاپالىق.

# ئانا يۇرت مېھرى

ئابدۇللا زۇنۇن

كېلىۋاتىمەن قەشقەرگە قاراپ،
خىيال قۇشلۇرۇم ئۇچار يول باشلاپ.
چاپار ئاپتوۋۇز ئارغىماق كەبى،
تاغ ـ داۋانلارنى ئارقىغا تاشلاپ.

كېلىۋاتىمەن قەشقەرگە قاراپ،
ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالاي دەپ.
ئۇلۇغۋار نامى جاھانغا مەشھۇر،
بۇۋام مەھمۇتنى تاۋاپ قىلاي دەپ.

كېلىۋاتىمەن قەشقەرگە قاراپ،
ئېزىز ۋەتىنىمنىڭ باغرىنى بويلاپ.
مىڭبىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان،
ئاتا ـ ئانامنى، ئەل ـ يۇرتنى ئويلاپ.

كېلىۋاتىمەن قەشقەرگە قاراپ،
گۈلباغلىرىنى سەيىر ئېتەي دەپ.
ئانا يۇرتۇمنىڭ سۆيگۈ ـ مېھرىدىن،
ئىلھاملار ئېلىپ، نەزمە پۈتەي دەپ.

# شېئىرلار

مۇقەددەر ساھىت

## كۆرۈندۈڭ

يىراقلاردىن نەزەر سالسام
گۈلدەك كۆرۈندۈڭ.
يېقىنلاشسام گەپ ـ سۆزۈڭدىن
تۇلدەك كۆرۈندۈڭ.

ساڭا كۆڭۈل بېرەي دېسەم
كۆپ ئىكەن يارىڭ،
سىنىت ئۈچۈن جان بەرگۈچى
قۇلدەك كۆرۈندۈڭ.

## چىشلەپ ياتقىن كېپەننى

كەلگىنىمدە سەكرات ئارا يېتىپسەن،
تىلىڭ كەلمەي ۋەئەلەيكۇم دېيىشكە.
ئەڭ ئاخىرقى ئېيتار گېپىم ئامانەت،
ئالدىراپلا قاپسەن كېپەن كىيىشكە.

ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئىدىڭ بىر چېغى،
سەن قىلالايتتىڭ چىشلەشكىلا جان پىدا.
قىلمىشىڭنى ئالدىم ئەپسۇس دېيەلمەي،
لېكىن ساڭا شۇدۇر سۆزۈم: «ئەلۋىدا.

تىرىك چېغىڭ كىشىلەرنى غاجايتتىڭ،
كۆرەلمەستىن تىنچ ـ ئاماننى ئىمىسەڭنى.
قارا گۆردە غاجايدىغان كىشى يوق،
خۇما قىلساڭ چىشلەپ ياتقىن كېپەننى.»

## شېئىر پۇرايدۇ

گۈلزارلىقتىن ھەر قېتىم ئۆتسەم،
دىلنى ئىلھام گۈلى ئورايدۇ.

گۆل ئەمەسكى گۈل يۈزلۈك نىگار،
يوللۇرۇمنى توسۇپ - تورايدۇ.

قاش ياسىدىن ئوقلار ئۈزۈپ ئۇ،
مەندىن دائىم شېئىر سورايدۇ.
سورايدۇ - يو، لېكىن ئەشۇ قىز،
گۈل پۈرايدۇ، شېئىر پۈرايدۇ...

## پارچىلار

كۆزلىرىڭ ئاتەش ئىكەن كۆيدۈرگىدەك،
لەۋلىرىڭ خۇددى كىلاس سۆيدۈرگىدەك.
بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالدىم ساڭا،
نە قىلاي ئىشقى ئوتۇڭ ئۆلتۈرگىدەك.

×

ئەگىتىپ، ئوينىتىپ ئاتىسەن قاشنى،
قاش ئەمەس كۆڭۈلگە تەككۈچى تاشنى.
كۆڭۈلگە، يۈرەككە ئاتسائمۇ تاشنى-
ئىلاھىم، ئاۋايلا، يارىمىغىن باشنى.

×

بۇ جاھان باغىدا كۆردۈم سەنەمنى،
سەنەمجان ناز بىلەن سۇندى قەلەمنى.
بىلمەيمەن باشقىغا گۈل تۇتۇپ، ماڭا
تاشلىدۇ بىر كۈنى قايغۇ - ئەلەمنى؟

×

تۇرمۇش باغىدا سەييارە دۇرمەن،
يار ئۈچۈن قۇربانە، تەييارىدۇرمەن.
يار كۆڭلى توختاۋسىز لەپ-لەپ كىپىنەك،
قوغلايمەن تۇتالماي ئاۋارىدۇرمەن.

×

رام قىلدىڭ ئۆزەڭنى ئۆلىما دىبان،
ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەي يارەب - سۇبھان.
تىلىڭدا ئېيتقىنىڭ قىلمىشىڭغا يات،
ئېيتقىنا، سەندىكى قاندا قچە ئىمان؟

×

قۇرىسەن ھەر كىمگە مىڭ ياڭزا قاپقان،
بەرمەككە بېخىلسەن، ئالماققا چاققان.
بىلەمسەن سەن يۇتۇپ كەتكەن ئاخچىغا،
كىملەرنىڭ كۆز - يېشى، قان-تېرى ئاققان.؟

×

قىينىلىپ سۇ ئاچساق، رىغبەتتە سىز يوق،
ئىگىنزار ئاغدۇرساق، مېھنەتتە سىز يوق.
بىز ئەكسەك زىمىننى، راسلىساق چەشنى
سىز يەيسىز، نىمىشكە دوستقاندا بىز يوق؟

×

پۈتمىشىڭ گويا كى لەختە - لەختە ماي،
تۇرىقىڭ سۆز سىزكى ئالى يوغان باي.
سەمرىگەن، ئېسىڭدىن چىقمىسۇن لېكىن،
بىر چاغلار تەك يۈرگەن تەقدىرداشڭداي.

×

يىگىت بول، تۆكمىگىن مەزلۇم كۆز يېشى،
ئۇنىڭ ھەر تامچىسى قىساسىنىڭ تېشى.
شۇ تاشنىڭ زەربىدىن ساق قالغىنى يوق،
ئەزەلدىن نى سۇلتان، ئۆكتەم يۈرت بېشى.

×

گاھىدا تىك تاغلار باغرى بولار چۆل،
ۋە بەزەن ئىدىرنىڭ ئورنى سازلىق كۆل.
تەبىئەتشۇندا قۇ، ھاياتتىن دوستۇم،
بولمىغىن ھەيرانە، غەييۇر ياشاپ ئۆل.

×

نادانلار بىلەن تالىشىپ قاۋاق،
نامەرتلەر بىلەن يالاشساڭ تاۋاق.
ئاڭلىغان بىلەن ئوخشاشتۇر بىلگىن،
ئىشەكلەر بىلەن بىرلىكتە ساۋاق.

×

گەر توخۇ قالسىمۇ زۇكتۇك سايلىنىپ،
يۈرۈيدۇ سۆيدۈكتە ئاغزى مايلىنىپ.
چۈنكى ئۇ تاج كىيىپ تۇرغىنى بىلەن،
گەندىنى تاپىدۇ چوقۇم ئايلىنىپ.

# ئۆستەڭ بويىدا

**ئابلىز قادىر**

هاۋالىقۇ ـ هاۋالىق،
ئۆستەڭ بويى هاۋالىق.
بىر پىيالە چاي ئىچتىم،
ساماۋەردىن خۇمالىق.

كۆتىۋالدى چايچى قىز،
خۇش كېلىپلا مېهمان دەپ.
ماڭا ئورۇن كۆرسىتىپ،
ئېلىپ كەلدى چاي دەملەپ.

چېيىغا ناۋات ساپتۇ،
شىرمان نېنىغا كۆنجۈت.

تاۋىم يېشىلىپ قالدى،
چايدىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت.

تەندىن زەئىپلىك كەتتى،
چاي يىغانىدىن چىققاندا.
بەكمۇ چۈشكۈن كەلگەنتىم،
كېسەل گالدىن سىققاندا.

روھىم خالى ئازاپتىن،
شىپا تاپقاچ كېسەلدىن.
ئۆستەڭ بويى هاۋاسى،
شىپالىقكەن ئەزەلدىن.

# تېپىشماقلار

**ئابلەت هەسەن**

1

كۆرۈنەر كۆزگە خۇددى ئاق ئۈندەك،
ئېغىزدا ئەسلا چىشلەشكە بولماس.
سۇغا تەككۈزۈپ، سۈرتۈپ كۆرسىڭىز،
خىزمەتلىرى مول، هېچنەمە توشماس.
(پاراشوك سوپۇن)

2

ئوخشار شاپتۇلغا، ئەمەس ئۇ شاپتۇل،
ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپپاق مويى بار.
غازاڭ سارغايسا شاپتۇل يېرىلار،
ئاق مويلىرى دەل كۆرۈنۈپ قالار.
(كېۋەز)

3

ئاغزى يوغان چىلەكتەك،
موھىلارغا ياماشار.
پەلىگى بار، ياپراق يوق،
ناخشا ئېيتىپ ساز چالار.
(رادىيو كانىيى)

4

ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ يەمەيدۇ،
ئېتىزلىقتا بۆكرەيدۇ.
تېرىش، توشۇش، ئورۇشتا،
ھەممە ئىشنى قىلىدۇ.
(تىراكتور)

# شېئىرلار

## ئابلىمىت قۇربان ( ساباھى )

### سىگىلۇر يەنە قەلبىمىزگە

بۈگۈن ماڭا پەرھاتجان،
" كىتاپ ئالغاچ كەل " دىدى.
ئۈزىتىپ بىر تۈگۈنچەك،
" پۇلى مانا، تەل " دىدى.

تۈگۈنچەكنى ئاچسام مەن،
چەققى بىر كوي ئۈچ موچەن.
دىدىم شۇئان ئوغلۇمغا:
" بۇنى نەدىن ئالدىڭ سەن؟"

ئاڭلاپ ئېيتقان سۆزۈمنى،
قەھ - قەھ ئېتىپ كۈلدى ئۇ.
پۇل "سىرى" نى بىر - بىرلەپ،
تولۇق ئىزھار قىلدى ئۇ:

" ئۆتكەن شەنبە، بەش موچەن-
بەردىڭ، - كىنو كۆرگىن ، - دەپ.
-دوستلىرىڭنىڭ ئالدىدا،
بويۇن قىسماي يۈرگىن ، - دەپ.

ماڭاش ئالغان چاشەنبە،
- بۇ بەش موچەن، ئال،-دىدىڭ.
- زۆرۈر چاغدا خەشلەرسەن،
يانچۇغىڭغا سال، - دىدىڭ.

تەڭلەپ ئانام، يەكشەنبە،
ئۈچ موچەننى " مە" دىدى.
-كىرسەڭ، شەھەر، باغچىغا،
كەنپىت، بىگىگور يە ، - دىدى.

سىلەر بەرگەن پۇللارنى،
ھەرگىز بۇزۇپ - چاچمىدىم.
كىتاپ، دەپتەر ئالاي، دەپ،
يىغىپ ئوبدان ساقلىدىم..."

قايىل بولدۇم، سۆيۈندىم،
پەرھاتجاننىڭ سۆزىگە.
يېقىپ ئۇنى باغرىمغا،
سۆيدۈم گۈلدەك يۈزىگە.

### "پارنىڭ گۈلى بولمايمىز"

پىشقان ئالتۇن باشاقلار،
چايقىلاتتى دېڭىزدەك.
ئوخشىمىغانىكى شۇنچىلا،
ھەر تال دېنى مېغىزدەك.

زوققا تولۇپ دىخانلار،
ئوما - جەڭگە كىرىشتى،
ئالتە ئۆسمۈر سەكرىشىپ،
ئېتىزلىققا كېلىشتى.

چوڭرا قلىرى تۈتۈندى،
ئۈنچە توشۇپ بېرىشكە؛
كىچىكلىرى سەپ تۈزۈپ،
چېچىلغاننى تېرىشكە،



دىدۇق: ھاۋا بەك ئىسسىق،
دىرھال قايتىپ كېتەيلار.
ئۈچىر ىمىسۇن دەخلىگە،
يۇمران نوتا تېنەيلار....»

ۋاكالىتەن گۈزەلنۇر،
جاۋاپ بەردى بۇ سۆزگە:
"بىزنى كىچىك، كۈچسىز دەپ،
ئىلما مەسلەر يا كۆزگە؟

دۇرۇس، يۇمران مايسا بىز،
چوڭ ئەمەس بوي - قەددىمىز.
ئىش - مېھنەتسىز قانداقچە،
قىزىللاشسۇن قەلبىمىز؟

پارتىيە گۈلى - زىننەتنۇر،
ئاچىز يىلتىز ھەم غولى.
كۆرسە ئازراق سوغاقنى،
توگەر ئۈششۈپ بىر يولى.

بىز - ئۆسسۇرلەر ھەركىزمۇ،
پارتىيە گۈلى بولمايمىز.
ئىش قايغىمى ئىچىمىزدا،
ئۆزىمىزنى تاۋلايمىز!»

## بىزنىڭ دۇككان

چوڭ دادامنىڭ ئاتا كەسپى،
ئىدى مانتۇپەز.
ئاتالغانتى دادامۇ ھەم،
"ئۇستا سامسۇپەز"....

كەڭ سىياسەت قۇدرىتىدىن،
شاتلاندى ئۇلار.
ئۆز كەسپىگە يېڭىۋاشتىن،
ئاتلاندى ئۇلار.

كەڭرى قۇچاق ئاچتى شەھەر،
بەردى ھەم ماكان.
قايناق بازار رەستىسىدە،
ئاچتۇق چوڭ دۇككان.

سەر خىل مانتۇ، سامسۇلاردىن،
تۇرغاچ ماي تېمىپ؛
ئاۋاتلىشىپ كەتتى دۇككان،
خېرىدار يىغىلىپ،

ھەر يەكشەنبە شۇ دۇككانغا،
سەھەر كېلىمەن.
كۆشنى چوقۇپ، پىياز توغراپ،
قىيما قىلىمەن.

تۇتسام تېخى قىزىق دەملەپ،
خېرىدارغا چاي؛
ماختار مېنى: «ئەجەپ ئوبدان -
بالىكەن، ئاي - ھاي!...»

دائىم رازى خېرىدارلار،
بىزنىڭ دۇككاندىن.
ياغدى "رەھمەت!" ئاشتى ئىزچىل
پايدىمۇ ئاندىن.

دەيدۇ دادام: بىزگە ئىمكان،
بەرگەچكە دەۋران؛
دىلىمىزدا قالمىدى ھېچ،
زەررىچە ئارمان.

## قەپەزدىم

تەڭ - تۇشلىرىم ئويۇنغا ندا،
قۇچقاچ ھەم قەپەز؛
قوزغىلاتتى يۈرىكىمدە،
شېرىن بىر ھەۋەس،

دېيىتتىم: بولسا مېنىڭكىمۇ.
قۇچقاچ، قەپىزىم؛
ياشنىماقتى سۇلار ئېچىپ،
كۆڭۈل ئېتىزىم؟...

ئارزۇيۇمنى چۈشەنگەندەك،
ئادىلجان ئاكام؛
ئەپچىل قەپەز ياساپ بەردى،
بىر سائەتتىلام.

ئۇنى قولغا ئالغىنىمدا،
سۆيۈنۈپ كەتتىم.
ئېسىپ ئاكا رەڭدار پوپۈك،
قونداقمۇ ئەتتىم.

بۇگۈن ئەشۇ قەپىزىمدە،
سايرىدى قۇچقاچ.
دان ۋە سۇدىن غەم - قايغۇسىز،
يايرىدى قۇچقاچ.

ئۇ ئويغاتسا مېنى سەھەر
ئەتىدىن باشلاپ؛
مەكتەپكە يول ئالىمەن.
چوڭ قەدەم تاشلاپ.

## ئېلىم - پەننىڭ ئىشقىدا!

ئىشتىن يېنىپ كەچقۇرۇن،
ئۆيگە ماڭغان چېغىمدا.
بىر توپ ئۆسمۈر-كىچىك دوست،
زوق قوزغىدى دىلىمدا.

ئېرىق بويى گۈلشەندە،
ئولتۇرۇشقان ئۈنچىدەك.
(شۇنچە ئۈزكى، مىسالى -
تېزىپ قويغان غۇنچىدەك).

قولدا ئامراق كىتاۋى،
بەرگەن ئاكا زېھنىنى.
ئالار قۇۋۋەت ھەر قۇردىن،
نۇرلاندۇرۇپ قەلبىنى.

بىلمىگەننى ئۆز - ئارا،
سورۇشاتتى چۇرۇقلاپ.
تېپىپ جاۋاپ ئىزدىنىپ،
ئېلىشاتتى تولۇقلاپ.

دېدىم: دوستلار، كۈنبويى -
ئوقۇيسىلەر مەكتەپتە.
بوپتۇ سىنىپ يەنىلا،
ئېرىق بويىمۇ كەچتە؟

ئاڭلاپ بۇنى ئوغۇل قىز،
قاقاھلىشىپ كۈلۈشتى.
سو ئالىمغا بەسبەستە،
قىزغىن جاۋاپ بېرىشتى:

ئۆگەنمىسەك، بىلمىسەك،
ئېچىلمايدۇ يولىمىز.
قۇدرەتلىك ئەل قۇرۇشتا،
بولماس قىلچە رولىمىز.

شۇڭا، باغلاپ ئىشتىياق،
پەننى قىزغىن سۆيىمىز.
ئۇ ئىشقىدا پەرۋانە -
بولۇپ دائىم كۆيىمىز.

قايىل بولۇپ جاۋاپتىن،
ھوزۇرلاندىم-شاتلاندىم.
روھىم دەريا مەۋجىدە،
ئۆز يولۇمغا ئاتلاندىم.

# تاتارغان چىراي

(ھېكايە)

ھەمدۇللا ئوبۇل

ئاشلىق پونكىت كۈۋەيجىسى قۇدرەت پونكىت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ قانداقتۇ بىر گېزىتنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— كەل، كەل! — دېدى پونكىت باشلىقى ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — دەل ۋاقتىدا كەردىڭ.

— مېنى چاقىرغان ئىكەنلا، بىرەر ئىش بارمىدى؟!

— شۇنداق، بىر ئىش بىلەن سىزنى چاقىرتقانىدىم. — ئۇ، بۇلۇتلۇق تاماكۇدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، راسا بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، قۇدرەتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ھېجايغان ھالدا دېدى، — ھە، ناھىيىدىن رىمونت ئۈچۈن بەرگەن ھېلىقى پۇلدىن قانچىلىك قالدى؟

— 4 — 5 يۈز كويدەك بىرنەمە قالدىغۇ دەيمەن. — قۇدرەت دۇدۇقلاپ يانچۇقىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— بولدى، بولدى، ئىش قىلىپ تۈگىمىگەن بولسا بوپتۇ. ھە، ھېلىقى ھۆججەتلەرنى قانداق قىلدىڭ؟

— ھە، ھېلىقى سىلىگە ئەتتۈرگەن ئىشىك، ئىشكاپ، دېرىزىنىڭكىنى دەمسىلا؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى قۇدرەت ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— بوشراق گەپ قىل، ئۇنى ناھىيىگە يوللىۋەتكەنسەن.

— يوللىۋەتتىم، بىراق ئەركىن ھېلىقى قۇرۇلۇشنىڭ رىمونت راسخودىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ باقاي دەپ كىرىپتىكەن، كۆرسەتمىدىم. شۇڭلاشقا كۆڭلۈم بىر قىسىملا تۇرىدۇ.

— ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ دەيسەن؟! ئۇ دېگەن ئادەتتىكى بىر ئىشچى. بولدى ئۇ گەپنى قوي. ماۋۇ 3 قۇتا سىرنىڭ ھۆججىتى، ماۋۇ گەج ۋە ھاكنىڭ ھۆججىتى. بۇلارنى ھېلىقى ھۆججەتلەرگە قوشۇپلا شاققىدە يوللىۋەت. مانا تەستىقلاپ قويدۇم. — ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆزىنىڭ "تۇرسۇن" دېگەن ئىمزاسىنى قۇدرەتكە كۆرسىتىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىر ئۆي سالماق بەكلا تەس ئىكەن. ھېلىمۇ بۇ يەرگە ئوبدان ۋاقىتتا — دادۇينىڭ چوڭ يول بويىدىكى تېرەكلىرى بار چاغدا كەپتىكەنمەن. ئەگەر ھازىر كەل-

## 5 مىنۇتلۇق ھېكايىلەر

گەن بولسام، ھەممە نەرسىنى پۇلغا ئېلىپ ئۆي سالىمەن دىسەم، ياقا يۇرتتا 20 يىل ئىشلەپ تاپقان ۋەجىم پۇتۇنلەي تۈگەيدىكەن دىگىنە! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۆي سېلىشىم بىلەن پونكىتىمىزنىڭ ساك، ئىشخانىلىرىنى رېمونت قىلىشىنىڭ بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگىنىنى قارىماسەن.—ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلىگەچ يەنە خۇمارى تۇتتى بولغاي، بىر تال تاماكۇ تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزىگە قىزىقسىنىپ قاراپ ئولتۇرغان قۇدرەتتىن سورىدى:

— ھە، بەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟ ئاشۇ ئەركىن دىگەن بىر نېمىدىن قورقۇۋاتامسەن يا؟ خاتىرجەم بول، ھۆججەت دىگەننى مەن تەستىقلايمەن. سەن ناھىيىگە ئېلىپ بارسەن، ناھىيىدە تۇرغۇن گوجاڭ تەكشۈرىدۇ، ئىش دىگەن شۇدە. ھەي نادان، مېنىڭ سېنى «ئاۋات» پونكىتىدىن نىمە ئۈچۈن يۆتكەپ چىققانلىغىمنى بىلمەيدىكەنسەن-دە!؟ قوپ، ئىشخاناڭغا چىق، ئىش مەن دىگەندەك بولسۇن.

— بولىدۇ، زەنجاڭ! ئەمدى... ئەمدى مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. شۇنى ...

— ھە، مۇنداق دىگىن. باياتىن بېرى نىمانچە شۈك ئولتۇرۇپ كەتتىڭمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن. ھە، نىمە گەپ ئۆزى؟

— ئاشۇ ئانچىكى بىر نىمىلەرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنىڭ نوپۇسى پونكىتتا ئىكەن. ھى ... ھى ... زەنجاڭ، بىر ئىلاج قىلىپ، ئانام ۋە خوتۇنۇم بىلەن بىر بالامنىڭمۇ نوپۇسىنى يۆتكەپ قويسىلا، بىر خوش بولۇپ قالاي سىلىدىن.

— شۇنچىلىك ئىشمىدى، بولدى، قولۇڭدا كېيىنىشكە بولغاندىكىن بىر نوپۇسنى تۆت قىلىپ ئۆزگەرت ...

دەل شۇ چاغدا تېلېفون ئۇشتۇمتۇت جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرسۇن خوشياقمىغاندەك تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى:

— ھە، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى دىدىلىما؟ نىمە، ئەرتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى پونكىتىمىزغا كېلەمدۇ؟ نىمە ئىش قىلىدۇ ئۇلار؟

قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى:

— سىلەر قىلىۋاتقان قۇرۇلۇش ۋە رېمونت چىقىملىرىدا مەسىلە باردەك قىلىدۇ، ئۇلار شۇنى تەكشۈرۈدۇ. يېقىندىن ياردەمدە بولساڭلار ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، زەنجاڭنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن سىمىز بويىنى لىپىلداپ كەتتى ...

# يالغۇز قەۋرە

(ھېكايە)

**ئوسمانجان نىياز**

مەن بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولدا كېتىۋېتىپ، ئانچە-يىراق بولمىغان ئارىلىقتا 8 - 7 كىشىنىڭ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. يېقىن-لاپ بارسام ئۇلار قەۋرە قاتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەجەبا بۇ يەردە قەۋرىستانلىق يوق ئى-دىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە مازار تۇرسا، مەرھۇمنى شۇ يەرگە قويمىغان بولغىيدى، ياكى بۇ يەرنى يېڭىدىن مازارلىق قىلما-دۇ يا؟ دەپ ئويلىدىم ۋە ھەرقانداق ئاددى ئىشقىمۇ قىزىقىدىغان ئادىتىم تۈ-پەيلىدىن قەۋرە قاتۇرۇۋاتقانلارنىڭ يې-نىغا بېرىپ، قائىدە بويىچە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ مۇسىبەت ئەھلى ئىچىدىكى ئاپپاق ساقال-لىق، كۆرۈنۈشىدىن كۆپنى كۆرگەنلىكى بى-لىنىپ تۇرغان بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم، قەۋرە ئۆز كەسپىگە ماھىر تاھچى ئۇستامنىڭ قولىدا پۈتەيلا دەپ قالغان ئىدى.

بوۋاي مېنىڭ چىرايىمدىن بىر ئازھەي-رانلىقنى سەزدى بولغاي:

— ئوغلۇم، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — بۇ قەۋرىنىڭ ھېچقانداق مازار بولمىغان بۇ يول بويىدا قاتۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇۋاتامسىز؟

— ھە، يوقسۇ. بىراق...

— شۇنداق ئوغلۇم، بۇ قەۋرە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «ئالىم» دەپ تەرىپلىنىدىغان مولا-ئۆلىما ياكى ھاجى ئەكبەرمۇ ئەمەس، ھەت-تا ئالەمشۇمۇل بۈيۈك قامۇسلارنى يېزىپ داڭ چىقارغان يازغۇچى، شائىرمۇ ئەمەس ۋە ياكى رۇستەمدەك پالۋانمۇ ئەمەس، بەلكى گۈلجاھان ئىسىملىك ئاددىيلا بىر موماينىڭ قەۋرىسى.

— ئۇنداقتا سىلەر گۈلجاھان ئانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىكەنسىزلەر دە؟

— ئۇنداق ئەمەس ئوغلۇم، بىز پەقەت ئۇ-نىڭ ھاياتى-كەچمىشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. گۈلجاھان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆرگەن بىردىن - بىر قىزى ئىدى. ئۇنىڭ گۈلجاھان بولغانلىقىغا لايىق قەلبىمۇ مەڭگۈ-سولماس بىر گۈل ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسنى لە-تاپەتكە، ئەقلى كامالەتكە يەتكەن چېغى-دا تەقدىرى قىسمەت تولىمۇ ئادالەتسىز-لىك قىلىپ، ئەجەلنىڭ قارا قولى ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن كۆڭۈل بېغىدىكى بەرنا يى-گىتىنى باقى ئالەمگە ئېلىپ كەتتى. بىز-نىڭ گۈلجاھان ئانا شۇنىڭدىن ئېتىۋا-رەن ئۆز مۇھەببىتىگە تېخىمۇ سادىق بو-لۇپ، ئۇنى مۇقەددەس قەلىپ غەزنىسىدە ساقلاپ، تەنھا ياشاشقا قارار قىلدى.

بوۋاي ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالدى - دە، يەنە سۆزى-نى داۋاملاشتۇردى:

— بىلەمسىز ئوغلۇم، ئىلگىرى بۇ يۇرت-

نى 9 كەنت، 8 ئېرىق دەيدىغان، سىز ھازىر ئەشۇ جايلارنى ئارىلاپ باقسىڭىز، سايىسى 3 ـ 4 مو يەرگە چۈشىدىغان، غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان كۆپلىگەن ئۈژمە دەرەخلىرىنى كۆرىسىز. مانا بۇ بىزنىڭ گۈلجاھانىنىڭ يۇرتقا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆچمەس يادىكارلىرىدىن بىرى. كىشىلەر ھەر يىلى ئۈژمە پىشىشقى ۋاقتىدا گۈلجاھان ئانىنى ئەسلىشىدۇ. ئۇ يەنە داڭلىق دوپپىچى، ئۇستا كەشتىچى ئىدى. ئۇ چاغلاردا "يىگىتلەرنى گۈل قىلغان، گۈلجاھانىنىڭ دوپپىسى" دېگەن قوشاقلارنىڭ تارقىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇ دوپپا تىكىپ كىرىم قىلغان پۇلنى ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا خالىس سەرىپ قىلاتتى. دوپپىچىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ "گۈلجاھان نۇسقىسى" نامى بىلەن ھەر خىل دوپپا نۇسقىلىرى ساقلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن نۇرغۇنلىغان دوپپىچى شاگىرتلىرى ھەممىلا جايلاردا بار. ئۇلار ئۆز ئۇستازىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ.

قاراڭ ئەنە، ـ بوۋاي كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى. راست دېگەندەك بېشىغا ئاق رومال ئارتقان ياشانغان ئاياللار ۋە ياش قىزلاردىن بولۇپ بىر توپ ئاياللار بۇ قەۋرە تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

بوۋاي قەۋرىگە قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوغلۇم، مانا بۇ يەرگە بۇندىن بىر نەچچە ئون يىل ئىلگىرى بىزنىڭ گۈلجاھان دەپنە قىلىنغان، ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەر خېلى چوڭ مازار بولۇپ، بۇ مازارغا يۇقىرى تەبىقىدىكى نامدار، چوڭ ئۆلىما، باي، پۇلدار ئادەملەرمۇ دەپنە قىلىنغان. كوممۇنا يىللىرى بۇ مازار تۈزلىنىپ يەر قىلىۋېتىلدى. كىشىلەر گۈلجاھان ئانىنىڭ قەۋرىسىنى ساقلاپ قېلىشىنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئېيتقان بولسىمۇ رەت قىلىندى. بىز بۈگۈنكى بەختلىك كۈنلەردە گۈلجاھان ئانىمىزنىڭ قەۋرىسىنى قاتۇرۇشنى پەرز دەپ بىلدۇق، چۈنكى كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان ئۈچۈن زىررىچە تۆھپە قوشقان ئادەم ئەبەدى ئۇنتۇلمايدۇ، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ساۋاق.

قەۋرە ئاق كەج بىلەن چىرايلىق سۇۋاق قىلىنىپ پۈتتى، قارى قىرائەتنى باشلىدى، مەن قىرائەتنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرات ئىلكىدە چۆمدۈم. قىرائەت شۇ تاپتا ماڭا گويا گۈلجاھان ئانىنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان مەرسىيەدەك بىلىنەتتى، مەن يالغۇز قەۋرىگە، ياق، مىليونلارچە يۈرەكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بۇ قەۋرىگە قارىدىم، قەۋرە قوياشنىڭ چەكسىز مېھرى ـ نۇرىغا چۆمۈلگەن ئىدى.

---

( بېشى 93 ـ بەتتە)

بىلەن دىلشاتقا ئىما قىلدى.

— چوڭ ئاپا ـ نىمە ـ مەلەرنى دەۋاتىسەن؟! ـ گۈلناز شۇنداق ۋاقىرىۋەتتىكى، ئەگەر موماينىڭ قۇلىقى ئېغىر بولمىغىنىدا، يېرىلىپ گاس بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

موماي نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— دىلشات، رەنجىمەڭ. چوڭ ئاپامنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يېقىنقىندىلا سەھرادىن كەلدى، شۇڭا ... ـ قىز يىغلامسىراپ تۇرۇپ كۆڭۈل قويدى. مومايىنىڭ قۇلىقى بايىقى ۋاقىراشتىن ئېچىلىپ كەتتىمۇ ـ قانداق، ئەندى بايىقى "گۈلشات" دېگەن گەپنى دىلشات دەپ ئاڭلىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا بۇ بىر جۈپ ساۋاقداشنىڭ قايسىسى قىز، قايسىسى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى.

# «گۈلشاتىمكىن دەپتىمەن ....»

(ھېكايە)

**ئەمەتجان ئىسمايىل**

موماي ھويلىدا باش تاراۋاتاتتى، ھويلا ئىشىكى قېقىلدى. ئەمما موماي ئورنىدىن قوزغالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقى ئېغىرراق ئىدى، قېرىلىقتىن بولسا كېرەك، كۆزىمۇ دېگەندەك روشەن كۆرمەيتتى.

— چوڭ ئاپا! ئىشىكنى ئاچامسەن؟

موماي ئەندى ئاڭلىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆل بېشىغا رومالنى چىگىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىيۇ، ئىككى ئادەمنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرۈپلا، ئارقىسىغا قايتىپ يانىدىكى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى مومايىنىڭ چوڭ قىز نەۋرىسى گۈلناز، يەنە بىرى ئۇنىڭ بىرگە ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشى — ئېنىقراق ئېيتقاندا يىگىتى دىلشات ئىدى. قىز، مېھماننى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، ئاشخانا ئۆيگە كىردى.

— تازىمۇ ۋاقتىدا باش تارىغىلى تۇرۇپتىكەنسەن چوڭ ئاپا! — قىز قوپاللىراق تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

— ھېچقىسى يوق قىزىم، تاراپ بولدۇم، — موماي تولىمۇ كۆڭۈلچەك بولغاچقا، قىزغا كۆڭۈل قويدى. قىز ئىشكاپتىن ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىشقا باشلىدى. موماي ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

— قىزىم، بىللە كەلگەن ھېلىقى ...

— ساۋاقدىشىم دىلشات.

موماي يەنە گەپ سوراشقا ئۈلگۈرەلمىدى. قىز ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى.

موماي مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىش نىيىتىدە كەلدى. ئۆيگە كىرگەن مېھمان بىلەن سالام - سائەت قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئادىمىگەرچىلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مومايىنىڭ شەھەرنىڭ ئوخشاشلا كىيىنىپ يۈرىدىغان ئوغۇل - قىزلىرىنى پەرق قىلالمايدىغان كۆزى ئوبدان كۆرمىگەچكە، باياتىن ئىشىك ئالدىدا كۆرگىنى قىز نەۋرىسى بىلەن ئوخشاش بىر گەۋدە، ئاڭلىشىمىچە «گۈلشات» دېگەن ئىسىم بولغاچقا، نەۋرىسىنىڭ «قىز» دوستى بىلەن كۆرۈشۈش تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى. موماي مېھمانخانىغا كىردى.

— ئەسسالام، بالىلىرىم.

كىرىسلودا ئولتۇرغان دىلشات ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇردى. موماي سەل تىڭىرقاپ قالدىيۇ، لېكىن كۆزىنىڭ ئېنىق كۆرمەيدىغانلىقىنى چاندۇرماي، يانمۇ - يان تۇرغان بىر جۈپ ساۋاقداشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قولىنى ئۇزاتتى. چۈنكى موماي نەۋرىسى ياكى دىلشاتنى پەرق قىلالمىدى. دېگەندەك، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى چاچ ئۆسكىلەڭ بولۇپ، ئوخشاشلا بۇدرە قىلىنغان. كۆينەكلىرىمۇ رەڭلىك چاقماق كۆينەك.

دىلشاتمۇ قولىنى ئىختىيارسىز ئۇزاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى بۇ مومايمۇ بىلىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا مېنى ئۆز بالىسى ئورنىدا كۆرۈپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىۋاتقان بولسا كېرەك دېگەن ئوي كەلدى.

— مەن ۋاقتىدا ئالدىڭلارغا چىقالمىدىم، قىزلىرىم، رەنجىمەڭلار. قېنى ئولتۇرۇپ چايغا بېقىڭلار قىزىم، — موماي ئۇنىڭ قولى

(ئاخىرى 92 - بەتتە)

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇختەر ئىبراھىم (بۇركۇت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئىگە ئۇلۇغ ئالىم، چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، سىياسىيون، مۇتەپەككۇر ھەم شائىردۇر.

ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرى مىلادى 1069-، 1070- يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 180- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى جەمئىي 18 ئايدا يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغدىكى 30- پادىشاسى ھەسەن بۇغراخان بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان. بۇ-بىر پۈتۈن قاراخانىلار سۇلالىسى غەرب ۋە شەرق قاراخانىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە 34 يىل بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ چاغدا قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلەر قورشاۋىدا قېلىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا قاراپ ماڭغان دەۋر ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتابىنى تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچكى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، قاراخانىلارنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسات جەھەتتىكى گۈللەنگەن "ئالتۇن دەۋر"ىنى يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچار قىلدى. سۇيۇرغاللىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىۋالغان شاھ جەمەتى ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولىۋېلىپ، ئۆز - ئارا ئىچكى ئۇرۇش ۋە نىزا پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادالەتسىز ھەركەتلىرى ئۈچۈن خەلققە ئېغىر بالايى - ئاپەت، جەۋرى-زۇلۇملارنى كەلتۈردى. پۇخرالارغا خالىغانچە ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىق سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىسىز تۇرمۇشىنى قاندۇرىدىغان، جامائەت غەزىنىسىنى بۇزۇپ - چاچىدىغان نامۇۋاپىق ئىشلار كۆپىيىپ، خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. جەمئىيەتتە ھايانكەشلىك، پاراخورلۇق قاتارلىق يامان ئىشلار ئەۋج ئالدى. ئوردا ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش، بىر-بىرىنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش، قىسقىسى، ئوردا ماجىرالىرى كۆپەيدى.

دېمەك، سىنىپلار بىلەن گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا، دۆلەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا،

قاراخانىلار بىلەن تابغاچ خانلار ① ۋە يابغۇ خانلار ② ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ ھالەت يەنە داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقارقىدەك زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى چۈشەنگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، بۇ خىل يېڭى زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئارقىلىق، خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىش خەۋپى، پۇخرالارنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى ۋە جەمئىيەت ئەنسىزلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۇقارقى سىياسىي، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنى خانغا بىلدۈرۈشنى مەخسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاراشلىرىنى خانغا ئوچۇق سۆز بىلەن بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقىپ، شۇ ئارقىلىق ئاندىن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇر تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ شانلىق ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، قانۇن، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق بىر مۇنچە ساھەلەردە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن نامايەن قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

شۇڭا، بۇ ئەسەر قاراخانىلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى ۋە بىۋاستە مەھسۇلى؛ شۇنداقلا، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ئىدىيىسىنىڭ بۈيۈك بىر قامۇسى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق سىمۋولىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى پەلسەپە، تارىخ، دىن، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇن، مائارىپ، ئائىلە، ئىجتىمائىي ئەخلاق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق چوڭقۇر بىلىملەر ۋە ھەر تەرەپلىمىلىك كەڭرى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بىز بۇ ماقالىمىزدا پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ئۈستىدىلا توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، باشقا مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز.

× ×

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىدىن قارىغاندا، پەندى ـ نەسىھەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت تېمىسى ئەسەرنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگەللەيدۇ.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋال، ئالدى بىلەن ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ رولى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاز ـ تولا توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

① تابغاچ خانلار ـ قاراخانىلار قول ئاستىدىكى ئۇششاق بەگلىكلەر.

② يابغۇ خانلار ـ يېرىم مۇستەقىللىققا ئىگە يېرىك بەگلىكلەر.

ئادەتتە ئېيتىلىپ يۈرگەن ئەخلاق ـ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەركەت ئۆلچىمى ۋە تەرتىپكە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئۇ ياخشى ـ يامان، شەرەپ ـ نومۇس ئۇقۇمى نەزەرىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەر ھەركىتىگە باھا بېرىپ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئەخلاق ـ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە خاس ھادىسە. باشقىلارغا مۇناسىۋەتسىز، يەككە ـ يېگانە شەخسنىڭ ھەركەت ئەخلاق مەسىلىسىنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەركىتى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يۈز بەرگەندىلا، ئاندىن ئەخلاق مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ. شەخسلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت، دۆلەت، سىنىپ، مىللەت، شۇنىڭدەك ئائىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاق مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەركەتلىرىنىمۇ ھەمىشە ئەخلاقنىڭ ئۆلچەم ـ تەرتىپلىرى ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆلچەم ـ تەرتىپلەرنىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ ھەركىتى چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئاقىۋەتلەرگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىدە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە باشقىلارغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغان ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ھەركەت، ئەخلاققا ئۇيغۇن ھەركەت؛ جەمئىيەت مەنپەئەتىگە خىلاپ بولغان، شۇنىڭدەك باشقىلارغا ئازاپ كەلتۈرىدىغان ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمەن يامان ھەركەت، ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغان ھەركەت دەپ قارىلىدۇ.

ئەخلاق بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەخلاق كىشىلەرگە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلىمىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەرنى ئاڭلىق ھالدا بەلگىلىك ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە ئۆزىنىڭ ھەركىتىنى باشقۇرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. ئەخلاق ئاساسەن ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، تەلىم ـ تەربىيە، ئۆلگىلىك نەمۇنە ۋە كىشىلەرنىڭ ئەخلاققا بولغان ئېتىقادى ئارقىلىق، كىشىلەر ھەركىتىنى تەرتىپكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدا توختالغاندا توغرىلىق( تۈزلۈك) ، ياخشىلىق ، كەمتەرلىك ، مۇلايىم ، ئاڭلىقلىق ، ئېغىر ـ بېسىق ۋە سەۋرچانلىق، مەرت ـ سېخىلىق ، توغرا نىيەتلىك، يۇمشاق تىللىق ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئەدەپلىك، قانائەت ـ يوسۇنلۇق بولۇش ، تىلنىڭ پەزىلىتىنى ساقلاپ ، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماسلىق، ئوكچەكىلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق ، يالغانچىلىق ، ھەسەت ، غەيۋەت ، كىبىر ـ غورۇر ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قاتتىق ساقلىنىش ، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇرۇش، ھاراقخورلۇق، ھاياسىزلىق ۋە زىنا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىق ، قىسقىسى ، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

بىزگە مەلۇم ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئادەملەر ئارىسىدا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ . جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئىش ھەركىتى باشقىلارغا ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتا ھەرخىل

-تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ھەركەتلەر جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. باشقا بەزىبىر ھەركەتلەر باشقىلارغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ھەركەتلەر باشقىلارغا ئازاپ ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. يەنە بەزى ھەركەتلەر پۈتكۈل جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيان سالىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئەخلاقتا بۇزۇلۇپ چىرىكلەشكەنلىكى، ئوردا ئىچىنى ئەخلاققا زىت بولغان ھەرخىل نامۇۋاپىق ئىش - ھەركەتلەرنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە خەلققە ناھايىتى يامان تەسىر بېرىپ، خاقانلىقنىڭ يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى ئالدىن - ئالا سېزىپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ ئەخلاق پەزىلەتتە ئۆزىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى؛ "يۇمشاق كۆڭۈللۈك، شېرىن تىللىق بولۇشى؛ يامان ۋە چىركىن ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشى؛ كىشىلەرگە مېھرىۋان، شەپقەتلىك بولۇشى" لازىملىقىنى تەكرار - تەكرار قەيت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە "خاننىڭ قانداق بولۇشى شۇ خاقانلىققا جىددى تەسىر كۆرسىتىدۇ" دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆۋەندە بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

مەلۇمكى، ھايات — كىشىگە پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ، يەنە قايتىدىن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ — تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى.

ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلىق — ئالتۇندەك قىممەتلىك مەزگىل بولۇپ، كىشى بىلىم ئالىدىغان، جىسمانى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان، كىشىلىك دۇنيا قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى پەيدىن - پەي شەكىللىنىدىغان ھالقىلىق دەۋردۇر.

ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغان ھەر قانداق كىشى ئۆز ھاياتى - كەلگۈسى تۇرمۇش، ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلانماي، باش قاتۇرماي قالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلىك ھايات ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن كىشى ياشلىقىدا نېمىلەرنى قىلىش، بۇ دەۋرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىگە جاۋاپ بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ:

360- تېرىش، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمەسۇن بىكار، پايدىلان.
361- ئېزىز تۇت يىگىتلىكنى تېز كەتكۈسى،
تۇتىيا ئمۇ قانچە چىڭ، ئاخىر قاچقۇسى.
362- سېنىڭدە بار ئىكەن يىگىتلىك كۈچى،
زايە قىلما، بول تائەت، خىزمەت قىلغۇچى.

خۇددى شائىرنىڭ دېگىنىدەك، كىشىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ياشلىق باسقۇچى تولىمۇ قىسقا بولۇپ، ئېقىن سۇدەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ياشلىق — گۈزەل بولىدۇ؛ ئۇ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ گۈللەردەك كىشىلىك دۇنياسىغا ھۆسۈن قوشىدۇ ۋە خۇشپۇراق چاچىدۇ. ياشلىق — ئۆتتەك يالقۇنلۇق بولىدۇ؛ ئۇ خۇددى ئەتىگەنلىك قوياش ۋە شەپەقە ئوخشاش پۈتمەس-تۈگىمەس ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇققا ئىگە. ياشلىق — ئۈمۈتۋار بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ، كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ. ياشلىق — ئىزدىنىشچان ۋە ئىنتىلىشچان كېلىدۇ؛ ئۇ يەر-زېمىن، دېڭىز-ئوكيان، ئالەم ۋە مالىكۇلىلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى چۈشىنىدۇ.

شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

227- ئەگەر ياخشى بولماق تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.
1367- بەلا-زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.
4061- بىكار يۈرمە بوشقا، سەن ئىچمە ھاراق،
يارامسىز، يامان ئىشتىن بولغىن يىراق.
5161- ئېزىز تۇت ھاياتنى كېرەك ئىشقا سال،
قىلىپ ئەلگە ئېھسان، ساۋابىنى ئال.

دېمىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ياشلىقنى قەدىرلەپ، بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىق؛ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىپ، ئەلگە ياخشىلىق، خەلققە شەپقەت ۋە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. قىسقىسى، شائىر يۇقارقى مىسرالاردا كىشىلەرگە ئۆز ھاياتىدا قانداق ياشاش ۋە نېمە ئۈچۈن ياشاش توغرىلىق چۈشەنچە بېرىدۇ.

شائىر يەنە ئۆز ھاياتىنى چاكىنا ئىشلار بىلەن مەنىسىز ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشىنىڭ ئاقىۋەتتە قانداق ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ:

1400- كەچۈردىڭ كۈنىڭنى ھەۋەس-ئارزۇدا،
تۈگىدى تىرىكلىك، قالدى پۇشمىنىڭ.
4812- ۋاقىت بولسا زايە پۇشايمان كېيىن،
ھايات بولسا زايە، كەلمەس باشقىدىن.
5148- زايە قىلغان بولساڭ ئۆمۈرنى گەر،
كۈن-تۈن پۇشايمانلە بولۇپ ئاھ چېكەر.

ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۇنى سۆيۈش — بىر خىل ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىلىم-مەرىپەت ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە بويسۇندۇ-

روشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلۈك قورالى. ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەر - دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بەلگىلىك دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر خىل تۈرتكىلىك كۈچ ۋە ئاساسى ئامىل. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىلىم - ئىنسانلار ئۈچۈن قاناتتۇر. قۇشنىڭ قانىتى بولمىسا پەرۋاز قىلالمىغاندەك، ئادەمنىڭمۇ بىلىمدىن ئىبارەت قانىتى بولمىسا ئالغا يۈكسىلەلمەيدۇ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمەيدۇ...

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ خاسىيىتى، بىلىم ئىگەللەشنىڭ پايدىسى ۋە نادان - بىلىمسىزلىكنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ئىلغار، مۇپەسسەل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر بىلىمنىڭ خاسىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"بىلىمنى بۈيۈك، ئوقۇشنى ئۇلۇغ بىلسە، بۇ ئىككى نەرسە ئارقىلىق قۇلمۇ تولۇق يۈكسىلەلەيدۇ"(152-). "ئەقىل كىمدە بولسا ئۇلۇغلۇق تاپىدۇ، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپىدۇ" (154 -). "بىلىم كېسەل كىشىنى ساقايتىدۇ "(156-). "جاھاندا بىلىمدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق" (260-). "كىشى بىلىم ئالسا كۈنسىرى بەخت تاپىدۇ، ئورنى ئاددى بولسا بىلىم ئارقىلىق كاتتا بولىدۇ" (1814-).

شائىر بىلىملىكنىڭ پايدىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئەقىللىق ئوقۇدۇ، بىلىملىك بىلىدۇ، بىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشى ئارزۇ - تىلەكلىرىگە يېتىدۇ" (155-). "بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى خۇددى يەردىن نېمەت ئۈندۈرگەن سۇغا ئوخشايدۇ" (972-).

شائىر ئاخىرىدا نادان-بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

"بىلىمسىزلىك-قاراغۇغا ئوخشايدۇ"(179-). "نادان ئۈچۈن بىلگەن-ئەتكىنىنىڭ ھەممىسى يېغىدۇر" (318-). "بىلىمسىز كىشىنىڭ ئىچى خۇددى دەريا سۈيى كىرىسىمۇ قانمىغان كىيا ئۈنمەس قۇمغا ئوخشايدۇ" (975-). "بىلىمسىزلىك ھايۋان بىلەن باراۋەر" (985-)... دېگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى بىلىم ئىگەللەشكە، نادان - بىلىمسىز بولماسلىققا ئۈندىگەن.

رىيال تۇرمۇشتا كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ھەر خىل ئالاقىلاردا بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن ھەر بىر كىشى ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ توغرىدا كىشىلەرنى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر كىشىلەرنى ئەدەپلىك بولۇشقا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئۆزۈڭدىن چوڭ، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ياق دېمەي ئاڭلا؛ ئۇلار سورىماستىن سەن ئالدىراپ سۆزلىمە" (960-). "ئېغىزدىن ھەرگىز يامان سۆزلەرنى چىقارما؛ بۇنداق سۆزلەرنى باشقىلار كەچۈرمەيدۇ" (5468-)...

شائىر مېھماندارچىلىقتا بارغان كىشىنىڭ قائىدە - يوسۇنغا دىققەت قىلىشىنى تەكىت-
لەيدۇ ھەم مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ:

4113 - تۆكۈرمە، كېلىڭنى قاقىرىتما قاتتىق،
نادانلىق بولۇر ئۇ، يۇقاتۇر تاتىق.
4114 - بەداشقاننى قۇرما، يانچە ياتمىغىل،
قاقاقلاپ قاتتىق ئۈن بىلە كۈلمىگىل.
4115 - يەنە تىرناق ئالما، مىنگەشتۈرمە پۇت،
قىلىپ خار، قاچۇرغاي سىنىڭدىن ئۇقۇت.
4116 - سىنىڭدىن بۇ يۇكلەر مەگەر قىلسا سۆز،
قۇلاق سال ئۇنىڭغا، ئۆز سۆزۈڭنى ئۈز.
4130 - كىشىنىڭ ئالدىغا قولۇڭنى سۇنماغىل،
ئى زىرەك، ئۆز ئالدىڭدىكىنى يېگىل.
4132 - يېمە تويمىغۇردەك ئالدىراپ تىقىپ،
ئاياللاردەك تۇرما يەنە ناز قىلىپ.
4605 - پۈتۈن ئەرسىنىڭ تەرتىپ يوسۇنى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر يۈزى نۇرلىنار.

ھايا — ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە. ھاياسىز كىشىنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر شەرمى - ھايالىق بولۇشى، ئادەملىك خىسلەت بويىچە ياشىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە توختالغاندا، ئالدى بىلەن ھايالىق بولۇشنىڭ پايدىسى، ھاياسىزلىقنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

1662 - ناچار ئىشتىن توسار ئۇيات ھەر مەھەل،
ئۇياتسىزلىق ئەرگە تېگى يوق كېسەل.
2007 - ئۇيات بىرلە ئەر ئابرويلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كۆزى نۇرلىنۇر.
2444 - ھايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كىلۇر خۇلقى، سۆزىدىن ياخشىلىق بويى.
2622 - ئۇيات بولمىسا ئەر جاھىل، پەس بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئىنسان دۇرۇس ئىش قىلۇر.

شائىر ھايالىق كىشى بىلەن ھاياسىز كىشىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
"ھايالىق كىشى — كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر" (2201-)؛ "ھاياسىز كىشى — كىشىلەرنىڭ رەزگىسىدۇر" (2203-)...

شائىر كىشىلەرنى ھايالىق بولۇشقا، ھاياسىزلارغا قوشۇلماسلىققا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

2205- ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.
2762- ئۇياتلىق كېرەك ھەم ئاقىل، كۆڭلى ئاق،
ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق.

ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەۋىسى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى قانچىلىك پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ھامان شۇ كىشىنىڭ غايىسى، ئىرادىسى، خىسلىتى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ روھى دۇنياسى ۋە ئەخلاق، مەدەنىيەت دەرىجىسىنى رۇشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر شەيئىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى، سۇنئى قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇشىنى ھەۋەس دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ھەۋەس ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى— ساغلام، توغرا ھەۋەس؛ يەنە بىرى— ساغلام بولمىغان، ناتوغرا، چاكىنا ھەۋەس.

كىشىلەرنىڭ ھەۋەسكە بولغان ئىنتىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر توغرا ھەۋەسكە ئىنتىلىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا چاكىنا ھاۋايى — ھەۋەسكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتىلىدۇ...

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاۋايى—ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى ئېنىق كۆرسەتكەن ھەمدە كىشىلەرگە ھاۋايى—ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك توغرىلىق تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي كىشى ھاۋايى — ھەۋەسكە بېرىلمە، بۇلارنى ئەقىل بىلەن كەسكىن؛ شەھۋانى نەپسىڭ باش كۆتەرسە، ئۇنى بىلىم بىلەن باسقىن» (3346-). «كەيپى — ساپانى قوغلاشقۇچى بولما؛ ئۇنىڭ ساڭا بېرىدىغان جازاسى قاتتىق، ئاقىۋىتى چوڭقۇر پاتقاقلىقتۇر» (4771-). «ئەگەر سەن تۈزىلىپ توغرا ئادەم بولىمەن دىسەڭ، چاكىنا ھەۋەسىڭ بوينىنى كەسكىن. ھەۋەس ئۆلسە ناچار قىلىقلار ئاندىن تۈزىلىدۇ» (5474-). «قالغان بۇ ئازغىنا ئۆمرۈڭنى زايا قىلما، كۆڭلۈڭنى ھاۋايى — ھەۋەسكە قىلچىلىكمۇ بەرمە» (6267-).

ھاراقخورلۇق بىلەن زىناخورلۇق— چېكىدىن ئاشقان مەينەتچىلىك ۋە رەسۋاچىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە مەدەنىيەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك قىلمىشتۇر. بۇ ئىككى نەرسە كىشىنى ۋە سالامەتلىكنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؛ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدۇ؛ ئابرويىنى تۆكىدۇ؛ لەنەت — نەپرەتكە قالىدۇ... قىسقىسى، بۇ ئىككى ئىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زور زىيانلارغا ئۇچرايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاراقنىڭ ۋە ھاراققا بېرىلىشنىڭ زىيىنىنى، شۇنداقلا يەنە مەس كىشىنىڭ ئاقىۋەتتە قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ:

2096- مەي ئىچمە، ھاراقكەش ئەي گالىنىڭ قولى،
مەي ئىچسە ئىچىلۇر پېقىرلىق يولى.

2099– مەس بولسا كىشى تەلۋە، ئاقىلسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ كۆر قاچان، تۈز بولۇر.
2651– هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۈشمىنى،
جىدەل – غەۋغا هاراقنىڭ ئىچىدۇر چىنى.
2652– نە يەڭلىغ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشى،
بېشىن مەيگە تىقسا بۇزۇلغاي ئىشى.
2653– نە يەڭلىغ هايالىق، ئۆز خۇلۇق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەشلىك قىلىق.
2658– ئىچۈرسەڭ ئەگەر مەس قىلغۇچى شاراپ،
ئىچىڭدىن سىرىڭ چىقتى تاشقا قاراپ.

شائىر هاراقخورلۇق بىلەن زىناخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى بۇ ئىككى نەرسە بىلەن شۇغۇللانماسلىققا ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشقا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

1337– مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.
1338– هاراق مىڭ گۇناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكىلەر.

كىشى تۇغۇلدۇ، ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ ۋە ئاخىرى هامان ئۆلىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ چەكلىك هاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆز هاياتىدا ئاجايىپ رەزىل ئىشلارنى قىلىپ، باشقىلارغا جەۋرى – زۇلۇم ۋە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىپ، يامان نام قالدۇرۇپ كېتىدۇ…
يۈسۈپ خاس هاجىپ ياخشى كىشى بىلەن يامان كىشىلەرگە باها بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

347– قېرىماس ياخشىلار يىل ئۆتكەن بىلەن،
تۈزەلمەس يامان مىڭ تۈزەتكەن بىلەن.
349– تىلەككە يېتەر ياخشى كۈندە يېڭى،
كۈنىگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۇڭى.

شائىر ياخشىلىقنىڭ پايدىسى بىلەن يامانلىقنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:
"يامانلىق قەدىرسىزدۇر، ئۇنى قىلغان كىشى ھەمىشە خار بولىدۇ" (901). "ئەگەر كىشىنىڭ قىلىقى يامان بولسا، شۈبهىسىزكى، بۇنداق كىشىنىڭ هوزۇر – هالاۋىتى ئاز، پۇشايمىنى كۆپتۇر" (926–). "كىشى ئەگەر باشقىلارغا يامانلىق قىلسا، شۇ يامانلىقى ئۆزىگە يېنىپ پۇشايمانغا قالىدۇ" (929–).

شائىر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش توغرىلىق تەربىيە بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ:

"ئەگەر كىشى يامانلىق قىلسا، كۆڭلەرنىڭ بىر دە قىلغان ئىشىغا ئۆزى پۇشايمان قىلىدۇ. شۇڭا، سەن يامانلىققا ياخشىلىق قىلغىن» (929ـ). "يامان ئىشتىن يىراق تۇرۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىل؛ ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» (1296ـ). "يامانغا يېقىنلاشما، ساڭا ئۇ زىيان كەلتۈرىدۇ؛ يامانلىق خۇددى يىلانغا ئوخشاش سېنى چاقىدۇ» 1297ـ). "كىشىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزەڭگە يېقىن تۇت، يامانلاردىن ساڭا زىيان كۆپ يېتىدۇ؛ شۇڭا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلە» (1378ـ). "ياخشىلىق قىل، ياخشىلىق بىلەن كىشى قېرىمايدۇ، نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» (1639ـ).

شائىر ئاخىردا كىشىلەرنى ئۆز ئۆمرىدە بىرەر ياخشى نام ياكى ئىز قالدۇرۇپ كېتىشكە ئۈندەپ، مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

4465 ـ تىرىكلىك تىلىمە، ياخشى نام تىلە،
كېرەك بۇ ياخشى نام تىرىكلىك بىلە.
4818 ـ سەن مەيلى مىڭغا كىر، مەيلى ئون سەككىز،
ئۆلۈرسەن، قويۇپ كەت سەن بىر ياخشى ئىز.
5570 ـ كىم ئۆلسە كېتەردە قويۇپ ياخشى نام،
ئاڭا ياخشى دۇئا بولۇرلەر داۋام.
5573 ـ كېرەكتۇر ياخشى ئات، ئۆلەر بۇ ۋۇجۇت،
قالۇر مەڭگۈ نامىڭ، بولسا تەن نابۇت.

سۆز ـ قەلب دېرىزىسىدۇر. گۈزەل سۆز ھەمىشە گۈزەل ۋە ئۇلۇغۋار قەلبنى ئىپادىلەيدۇ؛ قوپال، ئىپلاس سۆز يۈرەكتىكى رەزىللىكنى ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى، سەت، قوپال گەپ قىلىش ۋە تىلنىڭ پەزىلىتىنى ساقلىماي، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىش ـ مەدەنىيەتسىزلىك ۋە تەربىيە كۆرمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى؛ نادانلىق، قالاقلىقنىڭ بىر خىل رۇشەن ئىپادىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلنىڭ ئىجتىمائى جەمىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم رولىنى ۋە ئورنىنى مەنتىقىسى كۈچلۈك، ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. جۈملىدىن، ئىلىم ـ پەندە كامالەتكە يېتىشنىڭ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشنىڭ، ئەتراپلىق، توغرا پىكىر قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ۋە تەرجىمانى تىلدۇر؛ گۈزەل تىل ئارقىلىق كىشىلەر بەخت ـ سائادەت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ؛ تىل ئارقىلىق كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاشىدۇ دەپ كۆرسىتىپ، مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

164 ـ ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ بىل.

181 – ئەر ئەككى نەمەدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى قىلىق، بىرى ياخشى سۆزى.

182 – كىشى تۇغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى، كۆر،
ئۆزى كەتتى ئىنسان، ئېتى قالدى كۆر.

274 – ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

شائىر تىلنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:
"تىل كىشىنى قەدىرلىك قىلىدۇ، تىل ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە تىل كىشىنى خار قىلىدۇ، بېشىنى يەيدۇ" ( 163 – )، " كىشى سۆز بىلەن ئۆسۈپ شاھ بولالايدۇ" (173–).
شائىر كىشىلەرگە ئۆز سۆزىنى كۈزىتىش ھەم تىلغا ئەھمىيەت بېرىش توغرىلىق تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
" سۆزۈڭنى كۈزەت بېشىڭ كەتمىسۇن، تىلىڭنى كۈزەت چىشىڭ سۇنمىسۇن " ( 167 – )، " ئەگەر سەن ئۆزەڭگە ئىسەن - ئامانلىق تىلىسەڭ، تىلىڭدىن ھەرگىز يارامسىز، پايدىسىز سۆزلەرنى چىقارما " (169 – )، " تىلىڭنى كۈزەتكىنىڭ ئەملىيەتتە بېشىڭنى كۈزەتكىنىڭدۇر " (178 – )، " بېشىڭنىڭ ساق قىلىشىنى تىلىسەڭ، ھەر چاغ تىلىڭنى كۈزىتىپ تۇر؛ بولمىسا ئاشۇ تىلىڭ ھەر كۈنى دىڭگۇدەك بېشىڭنى يونۇپ تۇرىدۇ" ( 967 – ).
شائىر كىشىلەرنى تىلنىڭ پەزىلىتىنى ساقلاپ، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماسلىققا ئۈندەپ، مۇنداق دەيدۇ:

172 – تولا سۆزلىمە سۆز، بىر-ەر سۆزلە ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگۈنىنى بۇ بىر سۆزدە ياز(1).

987 – بىكار سۆز سۆزلەنسە زىيانلىق بولۇر،
ئەگەر بىلسە سۆزلەشنى پايدا ئالۇر.

1025 – دۇرۇس سۆزلەنسە سۆز كۆپتۇر پايدىسى،
سۆكۈلەر ھەمىشە سۆزنىڭ ئەگرىسى.

4332 – تولا سۆزلىمە سۆز، تىلىڭنى كۈزەت،
تولا سۆزدە بولماس قەدىر ۋە قىممەت.

شائىر يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ شېرىن سۆزلىك، يۇمشاق تىللىق بولۇشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:
" كىشى ھەر ئىشتا يۇمشاق تىللىق بولۇش يولىنى تۇتۇشى كېرەك؛ شېرىن سۆز كىشىگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ " ( 1311 – )، " بىراۋغا يىرىك سۆز قىلغۇچى بولما؛ چۈنكى، يىرىك سۆز يىلىنجاپ تۇرغان بىر پارچە يالقۇنغا ئوخشايدۇ " ( 4151 – )، " باشقىلارغا ھەرگىز يىرىك سۆز قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى يىرىك سۆزدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى <u>ئۈزۈن ۋاقىتلارغىچە</u> ئاغرىيدۇ" (3430 – ).

(1) ياز ( قەدىمقى ئۇيغۇرچە ) يەش، يەشمەك.

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئىش بېجىرىشتە، باشقىلار بىلەن چىقىشىشتا چوقۇم لەۋزىدە تۇرۇش، كېپى گەپ بولۇش، سەمىمىي، سادىق بولۇش كېرەك، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راست گەپ قىلىش مەلۇم بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشى ئىنسانى پەزىلەت ۋە ياخشى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارلىقى يوقلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ ناھايىتى يامان ئىللەت ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

337 — بۇ بىر نەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز[1]،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئۆزىنى — ئۆز:
338 — بىرى يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزىدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە.
1691 — ۋاپاغا ۋاپا ئۇ كىشىلىك ھەققى،
ۋاپا قىل، چىقار ئات، كىشىلىكنى قىل.
5077 — كىشىنىڭ يامانىدۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان — ياماندىن يامان.

شائىر بۇ بېيىتلاردا ئېيتقىنىدەك، ۋەدىدە تۇرماسلىق، يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق بىلەن جان بېقىش — ئەڭ ناچار ئىللەتتۇر. خۇددى كىشىلەرگە چاپلاشقان ساقايماس كېسەل ئاخىرى كىشىنى جىسمانى جەھەتتىن ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشاش، يالغانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتمۇ ئاخىرى كىشىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىنسانى پەزىلەت ۋە سىياسى سۈپەت جەھەتتە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ. يارامسىز، قەدىرسىز ۋە ئىشەنچىسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ!

1671 — كىمكى ئاتالسا بۇ يالغان بىلەن،
يوقالماس ئۇ نامى، نە قىلغان بىلەن.
1326 — تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

دېمىسىمۇ، بىر كىشى دائىم ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ لەۋزىدە تۇرمىسا، يالغان سۆزلەسە، تۇترۇقسىزلىق قىلسا، كېپى گەپ بولمىسا كىشىلەر ئۇنى «ئالدامچى»، «يالغانچى» دەپ ئېيىپلايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، بۇنداق كىشىنىڭ ئەپتى — بەشىرىسى كۆپچىلىك تەرىپىدىن تونۇپ يېتىلگەن ھامان باشقىلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ، دائىم ئېھتىيات قىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

[1] ياۋۇز — (قەدىمىي ئۇيغۇرچە) ۋەھشىي، يامان.

شۇڭا، ھەر بىر كىشى ئابرويىنى ساقلاپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىمەن دەيدىكەن، ئۇ ھالدا چوقۇم خۇددى ئەدىپنىڭ:

4297 — ياشاي ئابروي بىلەن دېسەڭ سەن ھامان،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن ھەر ئان.

دېگىنىدەك قىلىشى لازىم.

توغرا (دۇرۇس) بولۇش — كىشىلەرنىڭ ئاساسەن تېشى بىلەن ئىچىنىڭ ۋە تىلى بىلەن ھەركىتىنىڭ بىردەك بولۇشىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. بۇ — بىر كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىلىق (تۈزلۈك) ھەققىدە توختالغاندا، قەلب گۈزەللىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ؛ ئۇنى توغرا (دۇرۇس) بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ ۋە ناھايىتى مۇھىم ئامىل دەپ ھېساپلايدۇ:

863 — تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.
864 — يۈرىكىنى چىقىرىپ ئالقانىدا تۇتۇپ،
ئۇيالماي يۈرەلىسە ئەنى كۆرۈپ.

شائىر كىشىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىچىگە (قەلبىگە) قاراشنىڭ لازىملىقىنى؛ تېشى بىلەن ئىچى ئوخشاشلا گۈزەل بولغان كىشىنىڭ ھەقىقى گۈزەل بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ:

2213 — كىشىكى گۈزەلدۇر يۈزى ھەم ئۆزى،
تىشىدەك چىرايلىق بولسا ھەم ئىچى.
2215 — كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۈزى كۆركى بىرلە قىلىغى قاياش.

شائىر كىشىلەرنى توغرا (دۇرۇس) ئادەم بولۇشقا؛ تىلى بىلەن دىلىنى، شۇنىڭدەك يەنە قىلىقى (ھەركىتى) نى دۇرۇس تۇتۇشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"دۇرۇس بول، قىلىغىڭنى دۇرۇس ۋە توغرا تۇتقىن" (1289 — ). "كۆڭۈل بىلەن تىلىڭنى تۈز تۇت" (2759 — ). "سەن مەيلى قانداق يەردە تۇرۇشىڭدىن قەتئىي نەزەر، بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشايمەن دېسەڭ، خۇلقىڭ بەلەن بولسۇن، كۆڭۈل بىلەن تىلىڭنى رۇس تۇت" (3504 — )، "ئەگەر سەن سۆيۈملۈك بولۇشنى تىلىسەڭ، كۆڭۈل بىلەن تىلىڭنى بىردەك تۇتۇپ، سۆزۈڭنى توغرا قىلغىن" (4280 —)...

باشقىلارنى ھۆرمەتلەش - كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائى ئالاقىنىڭ مۇھىم ئەخلاقى تەلىۋى. كىشىلەرگە چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كۆيىنىدىغان كىشى مۇقەررەر

ھالدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولىدۇ . ئەكسىنچە، ئەخلاقسىز كىشىلەر كۆپۈنچە ھاللاردا باشـقىلارنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلمايدىغان، كۆيۈنمەيغان ئادەملەر بولۇپ چىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ مۇنـداق دەيدۇ :

4151 - ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاپ، قىل ھۆرمەت ئاڭا،
كېلۇر بەختۇ - دۆلەت ، ئۇلۇغلۇق ساڭا.
4281 - تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە ھامان ئىززەتلىق ،
قەدىرلە كىشىنى ئەي خۇلقى سىلىق.

خۇددى شائىر كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ، باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر . باشقىچە ئېيتقاندا، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان كىشىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە بولالايدۇ .

كىشىلەر بىلەن بولغان ئۆز - ئارا ھۆرمەتلىشىش مۇھىتىدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خۇ - شال ، ئازادە بولىدۇ ؛ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز - ئارا ھۆرمەت كىشىدە سەمىمىيلىك ، ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

باشقىلارنى ھۆرمەتلەشتە چوقۇم باشقىلارنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىغا ، ئەمگىكىگە ھۆر - مەت قىلىش ، باشقىلارنىڭ نورمال ئارزۇسى ، ھەسسىياتى ، ھەۋىسى ۋە ئادەتلىرىگە ئاڭـلىق ئاساستا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

ئۆز كۈمچىگىلا چوغ تارتماي ، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت ، پايدا يەتكۈزۈش — بىر خىل ئالىيجاناپ ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىلمىشتۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، كىشىلەرنى ئۆز كۈمـچىگىلا چوغ تارتماستىن بەلكى باشقىلارغىمۇ پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ھەم شەخسىي مەنپەتـنى خەلق مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتەك كۆللىكتىۋىزىملىق روھنى تىكلەشكە ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ :

3245 - كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپسىن قويۇر ،
بۆلەكلەر نەپسى ئۈچۈن مۇشەققەت يۇدۇر.
3933 - كۆيۈمچان ئەمەس ئەل ئۆزىنى دىگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپسىنى ئىزدىگەن.
5353 - دىمە ئۆز نەپسىڭ سەن، ئەل نەپسىن دە،
ئۆزۈڭ نەپسى ئەلنىڭ نەپسى ئىچىدە..

باشقىلارنىڭ كەينىدىن ھەسەت ، غەيۋەت قىلىش ، تۆھمەت چاپلاش، پىتنە - پاسات تارقىتىش ، ئىچى تارلىق قىلىش ، كۆرەلمەسلىك ، شۇنىڭدەك ، باشقىلارغا كۆڭـ

لىدە غۇم ـ ئاداۋەت ساقلاش ـ ئىنتايىن پەسكەش، يامان ئادەت ھەم ئەدەپسىز ، ئەخلاقسىز قىلمىش .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ھەسەتنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ:

4253 ـ ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.
4414 ـ پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارماغىل،
پاسات نەدە بولسا، خارلىق شۇندا بىل.

خۇددى ئەدىپ ئېيتقاندەك، ھەسەت قىلمىش ـ ئۆزىگە ھەم ئۆزگىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ناھايىتى يامان كېسەلدۇر.

ھەسەتخور كىشى باشقىلارنىڭ بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى قانداقتۇر مېنى چۆككۈرگەنلىك دەپ ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق بىلەن قاراپ، كەينىدىن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىشىگە، داۋاملىق ئىجات ۋە ئىختىرا قىلىشىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەتتىكى كىشىلەر شۇ ئارقىلىق بىرەر مەزگىل باشقىلارغا روھى ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، شەخسى بىلەن شەخس، شەخس بىلەن كوللىكتىپ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئۆگىنىش، خىزمەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل يامان ئىللەت شۇنداقلا شۇ ھەسەتخور كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئېغىر روھى بېسىم بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىدىيەۋى يۈكى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىز ئورنىنى كۆرمەي، ئۆزىنىڭ ئەشۇ ئازغىنا ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سېلىشتۇرغانسىرى جىلى بولۇپ، ئويلىغانسىرى ئازاپلىنىپ، ئۆگىنىش، خىزمەتتە سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قالىدۇ.

ئەمدى غەيۋەتخورلۇق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىللەتكە ئېغىر مۇپتىلا بولغانلار ھەر ۋاقىت كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارا سۆزلىمەي، ئارقىسىدىن غۇدۇرايدۇ؛ پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ، ھەتتا بەزىدە تېخى بالغان سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، تۆھمەت قىلىدۇ ۋە قارا چاپلايدۇ. شۇڭا، غەيۋەتخورلۇق ئەۋج ئالغان جايلاردا گۇمانخورلۇق، ئۆز ـ ئارا قوساق سوقۇشتۇرۇش خاھىشلىرى باش كۆتىرىپ، پىكىر بىرلىكى بۇزۇلۇپ، ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ ھەتتا بەزىدە كۆڭۈلسىز جېدەل ـ ماجىرالارمۇ يۈز بېرىدۇ؛ باشقىلارغا چىداپ بولغىلى بولمايدىغان ئېغىر روھى ئازاپلارنى كەلتۈرىدۇ.

رۇشەنكى' غەيۋەتخورلۇق ئاساسەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋەسۋەسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاساسى ئامىلى ۋە مەنبەسى شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىك، مەنپەئەتچىلىك ـ ئۆزەمچىلىك خاھىشىدىن ئىبارەت.

ئاداۋەت ساقلاشمۇ يۇقارقىلارغا ئوخشاش بىر خىل يامان ئادەتتۇر. كىشىلەر ئىجتىما-

ئى تۇرمۇشتا بىر - بىرى بىلەن ھەر خىل ئالاقىلاردا بولىدۇ. بۇ جەريانىدا كىشىلەر ئۆز - ئارا كۆڭۈللىك، ئىناقلىق ئاساستا ياخشى ئۆتۈشنى خالايدۇ. بىراق، بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەمىشە قىزغىن، بىر خىلدا بولىشى ناتايىن. ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىك ۋە دىل ئازارلىق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

بەزى ئايرىم كىشىلەر ئەنە شۇ كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەي، ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىگە كۆڭلىدە داۋاملىق ئاداۋەت ساقلاپ يۈرىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ پەيىگە چۈشۈپ، پۇرسەت تاپسىلا تۈرلۈك بانا - سەۋەپلەر بىلەن ئۆچ ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى كىچىك ئىشنى تېخىمۇ زورايتىپ، ئارىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەتتا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا ئۆزى بىۋاستە سەۋەپچى بولىدۇ...

قىسقىسى، مەيلى ھەسەت، غەيۋەت ھەم ئاداۋەتچىلىك بولسۇن ۋە مەيلى بۇ ئىللەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر خىل خاھىشلار بولسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قانداق كۆرۈنۈشلىرىگە ھېچقانداق ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ بۇنىڭ زىيىنى ناھايىتى يامان، ئېغىر بولىدۇ.

شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنى بۇنداق ناچار ئىشلارنى قىلماسلىق ھەم بۇنداق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەپ، مۇنداق دەيدۇ:

1433 — ھارامغا قوشۇلما ۋە كۆرسەتمە كۈچ،
خۇسۇمەت قىلىپ تۆكمە قان، ئالما ئۆچ.
4108 — ئۇششاق سۆز قىلما سەن، كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇس سۆزلە، تۇرما بارىنى يېپىپ.
4276 — خوشال بىر ھاياتتا ياشايمەن دىسەڭ،
تىرىشقىن، ھەسەتتىن يىراق بول ئۆزۈڭ.
4410 — بولۇشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ قەدىرلىك،
پاساتتىن يىراق قاچ، ئى خۇلقى سىلىق.
5303 — يېقىن تۇتما ئۇششاق سۆزلىك سۇخەنچىن،
پىتنەخور بولسا قاچ، كەلتۈرمە يېقىن.

ئاچكۆزلۈك بىلەن تاماخورلۇق ئىنتايىن رەزىل ئىللەت بولۇپ، كىشىنى پەسلەشتۈرىدۇ؛ يىرگىنىشلىك قىلىدۇ؛ كىشىنىڭ ئابرويى - ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ؛ كىشىنى بوشاڭ، تەييارتاپ قىلىۋېتىدۇ ھەم ھەر خىل ئويلارغا ۋە تۈرلۈك ئىشلارغا سالىدۇ؛ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاچكۆز، تاماخور كىشىلەرنى مۇنداق قامچىلايدۇ:

2001 — بولۇر قويمىخور ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئېشى.

2002 ـ بۇ ئاچكۆزلىك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېچكىم چارە تاپالماس بۇڭا.
2613 ـ ھېرىستۇر تاماخۇر، تاماخۇر يامان،
تاماخۇر ئاتالغان قەلەندەر ھامان.

ئېغىر بېسىق، سەۋرىچان، مۇلايىم بولۇش ۋە ئۆزىنى تۇتېۋېلىش-ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ چېچىلىپ غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش ۋە قىزىققانلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن زىيانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىباغار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش ۋە قىزىققانلىقنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: " غەزەپلىك ئىش ئاقىۋەتتە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ، كىشى قىزىققان بولسا ئىشى بۇزۇلىدۇ " ( 324 ـ )، " غەزەپ بىلەن ئاچچىق كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن يامان نەرسە، بۇ نەرسىلەردىن تەن ھەمىشە زىيان ـ زەخمەت چېكىدۇ " ( 332 ـ )، " كىشى قىزىققان بولسا بىلىمسىز بولىدۇ، ئادەم تولا ئاچچىقلاپ غەزەپلەنسە ئەقلىدىن ئادىشىپ قالىدۇ ". ( 334 ـ ).

شائىر ئېغىر ـ بېسىق، سەۋرلىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ:

1725 ـ كىشىكە قەدىرلىك بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش،
كۈمۈشتىن ئەزىز ئەرگە ئۆزىنى تۇتۇش.
1852 ـ سەۋرلىك، سىلىق، خۇلقى يۇمشاق ھامان،
دىلى ھەممە جانلىق ئۈچۈن مېھرىۋان.
2623 ـ بېسىق بولسا ئىنسان ھېكىم ئاتىلۇر،
سىلىق بولسا خۇلقى ئۆزىدىن سۆيدۇرەر.

شائىر يۇمشاق خۇيىنىڭ پايدىسى ۋە قوپال خۇينىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ:

1254 ـ كىمكى بولۇر ياخشى يۇمشاق خۇيى،
يېتەر ئۇ تىلەككە، يورۇپ كۈن ـ ئېيى.
1255 ـ پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ مۇنى ① ياخشى خۇلىق،
بىرەر ئۇ خوشاللىقنى ئىگلاپ تولۇق.
1670 ـ كىشىكىم كاج بولسا، قىلىقى يامان،
بولۇر ئىشى تەتۈر ئۇنىڭ ھەر زامان.
931 ـ قوپاللىق، گۇستاخلىق، ② تەتۈرلىك بۇلار ـ
ئى ئۇلۇغ، ياماننلار ئىشىدۇر ئۇلار.

① مۇنى ـ ( قەدىمى ئۇيغۇرچە ) بۇ يەردە دەسمايە مەنىسىدە.
② گوستاخلىق ـ ( ١١١٩ ) بىلىمسىز، تەرسا، كاج.

شائىر ئاخىردا كىشىلەرنى ئېغىر - بېسىق، سەۋرچان، خۇشخۇي ۋە مۇلايىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئەي كىشى، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىل، ئاچچىقتىن يىراق بول، ياخشى نام ئال" (322-). "ئۆزۈڭنى تۇتقۇال، ئۆزىنى تۇتقۇالغان كىشى دۇنيادا ھەممىدىن ئەزىزدۇر" (4105-). "مۇلايىم بول، قوپاللىق قىلما، قىلالىغىنىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىلغىن"(1148-). "مال - دۇنيا غېمىنى يىمەي، خۇلقۇڭنى ياخشى قىل؛ خۇلقۇڭ ياخشى بولسىلا، مال -دۇنيانىڭ ئۆزى ئالدىڭغا كېلىدۇ" (1305-). "ئىسمىڭغا داغ تەگمىسۇن دىسەڭ، ياخشى خۇلقلۇق، پەزىلەتلىك بولغىن" (1957-). "باشقىلار مېنى ماختىسۇن دىسەڭ، مىجەز - خۇلقۇڭ چىرايلىق، نازاكەتلىك ۋە سىلىق بولسۇن ھەمدە چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت" (4283-). "كىچىكچىلىكتىن تارتىپلا ياخشى خۇلقلۇق بولۇشنى ئۆگەن؛ بولمىسا چوڭ بولغان چېغىڭدا بۇلارنى ئۆگىنەلمەسلىكتىن قىيىنچىلىقلار كۆپ بولىدۇ" (4694-). "خۇشچىراي، ئېللىق سۆزلىك بول، خۇيۇڭنى ياخشى قىل؛ شۇنداق قىلساڭ بىلگىنكى، بەخت قۇشى ئايلىنىپ كېلىپ بېشىڭغا قونىدۇ" (6095-).

كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق - ھەممە كىشى مەدھىيىلەيدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن كەمتەرلىكنىڭ پايدىسى ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

1705 - نە ياخشى بولۇر كەمتەر، مۇلايىم كىشى،
چىرايلىق بولۇر كۈندە تۈزلەر ئىشى.
1706 - يوغانچى، تەكەببۇر تېتىقسىز بولۇر،
ئۇنى كىبىرسى كۈنمۇ - كۈن پەس قىلۇر.
2119 - تەكەببۇرلۇقلە كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇشلە بۈزۈلماس ئىشى.
2233 - كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۈرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

دېمەك، بەزىلەر يېرىم - ياتا بىر نېمىنى بىلىۋېلىپلا، ھەدەپ گەپ ساتىدۇ؛ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ قالتىس ھىساپلايدۇ. خىزمەتتە ئازتولا نەتىجىگە ئېرىشسىلا قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋېلىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ھەمىشە ئۆزىنىڭ بەزىبىر ئارتۇقچىلىقىنى دەستەك قىلىپ كۆتىرىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ كۆككە ئۇچىرىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەتتا ھېچقانداق نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشمىسىمۇ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق كىشى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ "ھاكاۋۇر". "مەممەدانە" دىگەنگە ئوخشاش لەنەتلىك ئېيىپلاشلىرىغا ئۇچرايدۇ.

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، كىبىر قىلمىش - ئەخلاق ۋە ئەدىپنىڭ ئىستىل جەھەتتە نا-

Altun

چار قىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شائىر كىشىلەرنى كەمتەر، ئېھتىياتچان، كىچىك پېئىل بولۇشقا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

"...ھەددىدىن زىيادە مەغرۇرلىنىش — كىشىنى لاۋزا قىلىدۇ" (4553 —). "ئىككى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈنچى دۇنيانى كۆرۈپ، كۆكسۈڭنى كەرمە قىيا تاش بولۇپ" (1535 —)، "بۇ دۆلەت كىم بىلەن ياراشسا كېلىپ، تۈۋەن تۇتقاي ئۆزىنى كىچىكلىك قىلىپ" (1702 —)...

× ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەۋى سىستېمىسىدىكى بىر پۈتۈن ئەخلاق كۆز قاراشلىرى ئەنە شۇ يۇقارقىلاردىن ئىبارەت.

خۇلاسىلىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ئائىت يۇقارقى ئىلمىي چۈشەنچىلەر خەلقىمىزنىڭ قايناق ئىجتىمائىي ھاياتىدىن ئېلىنىپ، يەكۈنلەنگەن ئاكتىۋال، ئىلغار ۋە ئېسىل جەۋھەر بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر تەخمىنەن مىڭ يىلدەك ۋاقىتتىن بېرى خەلقىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ مول مەنىگە ئىگە بولدى.

گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقى بولسىمۇ، لېكىن دىنىي تۈس ئالغان بۇ ئەخلاق قاراشلار زور ئىلمىيلىككە ئىگە بولغان بولۇپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئىلمىي قىممىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى ۋە زور تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئالىمىمىز ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي قاراشلىرى ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك ئەخلاق مىزانى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇنىڭدىن سەل كەم مىڭ يىللار ئىلگىرىكى فېئوداللىق مۇھىتتا ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقارقىدەك ئىلغار كۆز قاراش ۋە ئىلمىي چۈشەنچىلىرى يالغۇز ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئىجتىمائىي رول ئويناپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيىتى جەريانىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ يۇقارقىدەك گۈزەل ۋە ئېسىل ئەنئەنىلەرنى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

بىز قەدىمىي ئەجدادلارنىڭ بەختلىك ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇلار يارىتىپ بەرگەن ئېسىل ئەخلاقى - پەزىلەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە جۇش ئۇرۇپ چوڭقۇر قانات يېيىۋاتقان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە قىلىش — بىزنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىمىز، شۇنداقلا باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىزدۇر!

1984 - يىل، ئاپرېل، ماي. ئۈرۈمچى

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «قۇتادغۇ بىلىگ». (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن مەخسۇس تەتقىقاتچىلارغا پايدىلىنىش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلگەن ئۈچ توملۇق نۇسخىسى)

② ئا. ت. ئۆتكۈر: «قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىختىكى پارلاق نامايەندە — 'قۇتادغۇ بىلىگ' توغرىسىدا».
(«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1983 - يىللىق 2 - سان)

③ ئا. ت. ئۆتكۈر: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ».
(«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىللىق 1 - سان)

④ مەمتىمىن يۈسۈپ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 'قۇتادغۇ بىلىگ' داستانىدىكى قانۇن، بىلىم، ئەخلاق پەلسەپىسى توغرىسىدا».
(«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1983 - يىللىق 2- سان)

⑤ ئەھمەد زىيائى: «تارىخى مىراس — قۇتادغۇ بىلىگ، توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان».
(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1983 - يىللىق 6-سان)

⑥ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار».
(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

⑦ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى».
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، 1983- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

⑧ ۋاھىتجان غوپۇر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە 'سۆزى گۈزەل بولۇش'».
(«شىنجاڭ ياشلىرى»ژورنىلى 1982 - يىللىق 4 - سان)

⑨ غوپۇر ئىسمايىل، لى جەنشىڭ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش».
(«شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژورنىلى»1984 - يىللىق 1-سان).

⑩ ۋاڭ شۆبىن، يۈەن جۈگرېن: «ياشلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى».
(«شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

(11) ليۇ چىلىن: «كوممۇنىستنىڭ ئەخلاق توغرىسىدا بايان».
(شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

(12) مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزەرىيە، سىياسى - قانۇن بۆلۈمى تۈزگەن: «كوممۇنىستنىڭ ئەخلاق توغرىسىدا لېكسىيىلەر».
(شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1982-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

(13) ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «ياشلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە دائىر ئون ئىككى لېكسىيە».
(شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

(14) «ئەخلاق، پەزىلەت، خىسلەت».
(قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)

(15) «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلىنىڭ 1981 -، 82 -، 83-ۋە 84 - يىللىق سانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار ۋە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار…

# پەرھات ـ شىرىن

## ئومەر باقى يەركەندى

شاپۇرنىڭ شىرىندىن پەرھادقا، پەرھادتىن شىرىنغا خەتلەر ئېلىپ بارغىنى خىسراۋغا ئاڭلاندى. خىسراۋ ئەگەر پەرھاد شىرىننى ئېلىپ بىر تەرەپكە قېچىپ كەتسە، ئۆزىگە بىر نومۇسلۇق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يەنە ئالاقە قىلىشسا، ئارىدا بىرەر كىشى يۈرۈشسە، تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم بەلگىلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقماقچى بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە شاپۇر شىرىندىن خەت ئېلىپ، پەرھاد تەرەپكە كېتىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ، خىسراۋ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. خىسراۋ شاپۇرنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىلەرگە مۇكاپات بەردى. خىسراۋ شاپۇرنىڭ قولىدىن خەتنى تارتىپ ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى. خەتتە شىرىننىڭ پەرھاد ئىشقىدا زەئىپ ناتاۋان بولغانلىقى، پەرھادنىڭ ۋەسلىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، كاج پەلەكنىڭ ئۇلارنى خىسراۋدەك زالىمنىڭ قولىغا گىرىپتار قىلغانلىقى، خىسراۋنىڭ ئاشىقلىق دەۋاسى بىلەن شىرىنگە زۇلۇم قىلغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، شىرىن يەنە ئۆز خېتىدە تەدبىر بىلەن قوشۇلۇش مۇمكىنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنى كۆرگەن خىسراۋنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشۈپ، بەكمۇ پەرىشان بولدى ۋە شاپۇرنى سولاپ قويۇشقا بۇيرىدى. ئۇندىن كېيىن ۋەزىرىنى چاقىرىپ:

— شىرىن مەندەك بىر پادىشانى قويۇپ بىر گادايىنى خالىسا ۋە ئۇ گادايىنىڭ ئىشقىدا مۇنداق گەپلەرنى قىلسا مەن ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تېپىشىۋالسا، ئۇلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. تاپقان ھالەتتىمۇ بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. بۇ نومۇستىن ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىل! — دېدى. ۋەزىر:

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

— ئى پادىشا! بىر ھىلىگەر ئادەم تېپىپ، ئۇنى پەرھات قېشىغا ئەۋەتەيلى، ئۇ پەرھاتقا دەرتمەن ۋە ھەمدىل بولۇپ كۆرۈنسۇن. ئۇنىڭغا: "خىسراۋ شەھەرنى ئالدى،

(بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا)

خەلق ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. مېھمانىنىڭ توي قىلىپ شىرىننى خىسراۋغا بەردى. شىرىن خوشال خۇرام بەزمە تۈزۈپ ئوينۇماقتا. ئەمدى سېنىڭ جانبازلىق قىلغىنىڭ بىكار. ئۆز ئىشىڭنى قىل» دېسۇن. شۇچاغدا پەرھات نائىلاج بىر تەرەپكە باش ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن شىرىن سىزگە كۆڭۈل بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، – دەپ مەسلىھەت بەردى. خىسراۋ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپتى ۋە دەرھال ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. خىسراۋنىڭ كىشىلىرى بىر دەللەۋەزى، كالتا پاقالچاق شۇم قېرىنى تېپىپ كېلىشتى ھەم ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇ ئىش ئورۇندالسا سېنى پۇل – مالدىن بىھاجەت قىلىۋېتىمىز» دەپ ۋەدە بەردى. دەللە بۇ ئىشنى ھۆددە ئېلىپ پەرھات تۇرغان تاققا راۋان بولدى ۋە بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئۇ تاققا يېتىپ باردى. دەللە ئۆزىنى بىر بۇۋى قىيا پىتمە ياساپ، بويىنىغا تەسۋىسىنى ئېسىپ قولىغا ھاسا تۇتقان ھالدا: سۇبىبۇ – ھۇن – قۇددۇس» – دەپ پەرھات قېشىغا بېرىپ سالام بەردى. پەرھات بۇ قىيا پەتتىكى بۇۋىنى كۆرۈپ، ئۇنى سالىھ كىشى ئىكەن دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالامغا جاۋاپ بەردى. ئۇ دەللە كېلىپ پەرھاتنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. پەرھات ئۇنىڭدىن بۇ دەشتكە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. دەللە ئۆزىنىڭ بو ۋىلايەتتە تەركى دۇنيا بولغان بىر بۇۋى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالەمدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ھەقتا ئالاغا ئىبادەت قىلىپ بىر چەتتە تۇرىۋاتقانلىقىنى، بۇ كۈنكى كۈندە خىسراۋ دېگەن بىر زالىم پەيدا بولۇپ، يۇرتنىڭ تىچلىقى بۇزۇلۇپ، ھېچكىم ئۆز ئارامىدا تائەت – ئىبادەت قىلالماۋاتقانلىقىنى، تائەت ئەھلىلىرىنىڭ ھەر تەرەپلەرگە كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خالى جاي تېپىپ ئىبادەت قىلاي دېگەن غەرەزدە بۇ تاققا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

پەرھات ئۇ دەللەدىن:

– خىسراۋ شەھەرنى ئالالىدىمۇ؟ – دەپ سورىغان ئىدى، دەللە:

– قامالدا قالغان مېھمانىنۇ باشلىق شەھەر خەلقى نائىلاج خىسراۋغا بەيئەت قىلدى. مېھمانىنۇنىڭ شىرىن دەپ بىر سىڭلىسى بار ئىكەن، ئۇنى توي قىلىپ خىسراۋغا بەردى. شىرىن پەرھات دېگەن ئاشىقىنىڭ پىراقىدا ھەيران ۋە سەرگەردان ئىكەن. ئۇ پەرھاددىن ئايرىلىپ خىسراۋدەك زالىمغا گىرىپتار بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى دەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. خەلق ئىچىدە ھازىر ئەشۇنداق سۆز تارالدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنى خىسراۋ ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەن گەپ بار. ئەمما ئۇ «پەرھات» دەپ جان بەرگەنىمىش، مۇنداقمۇ ساداقەتلىك بولغان بارمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئەر كىشى بولغان بولسا مۇھەببەت يولىدا قانداق ئىشلارنى قىلغان بولاتتىكى؟ – دەپ جاۋاپ بەردى ۋە كۆزىگە ياش ئالدى.

پەرھات بۇۋىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۆرە بولالمىدى. ئۇنىڭ مىدىرلىغىدەك ھالى قالمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ماغدۇرى كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇپ بېشىنى پاچاق – پاچاق، ئۇستىخانلىرىنى لەختە – لەختە قىلدى. ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزدى. ئۇ تاغلارغا خىتاپ قىلىپ: ئى مېنىڭ كەكەمدىن شىكەستە بولغان ۋە ئايىغىم زەربىدىن خەستە

بولغان تاغلار! ئەي ئاھىم ئوتىدىن ھارارەتكە ۋە كۆز ياشلىرىمدىن ھەيرەتكە تولغان تاغلار! مەن ئالدىڭلاردا كۆپ خىجىل ۋە شەرمەندىمەن. مەندىن رازى بولۇڭلار!» — دېدى. ئۇ كۆككە خىتاب قىلىپ:

— ئەي ئاھىم ئىسىدىن قارايغان، قانلىق يېشىمدىن قىزارغان ۋە چېھرەم ئەكسىدىن سارغايغان ئاسمان! مەن سەندىن رازىلىق تىلەيمەن — دېدى. ئۇ يەنە يەرگە خىتاب قىلىپ:

— ئەي كۆز ياشلىرىمغا ئېرىق بولغان، مەھبۇبەم ئۈچۈن مەنزىل بولغان يەر! مەن ياش سەللىرىنى ئاققۇزۇپ باغرىڭنى يارىدىم، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تۇپرىقىڭنى توزۇتتۇم، مەندىن رازى بول — دېدى. ئاندىن كېيىن پەرھات شۇ تاغدىكى جانىۋارلارغا خىتاب قىلدى:

— سىلەر ماڭا غەم دەشتىدە ۋە ھىجران كۈنلىرىدە ئۈلپەت بولدۇڭلار، غېرىبلىقىمدا رەپىق بولدۇڭلار، پىراق باياۋانىدا شەپقەتچىم بولدۇڭلار، ماڭا بويسۇنۇپ، ماڭا مېھرىۋانلىق كۆرسىتىپ ھىجران بولۇڭىدا بىزۇۋان بولدۇڭلار! مەندىن رازى بولۇڭلار! — دېدى. جانىۋارلار ئۇنىڭ چەقبارماي كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ زار - زار يىغلاشتى. پەرھات يەنە ساباغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي سابا! ئەگەر چىن مەملىكىتىگە بېرىپ قالساڭ، خاقانغا بۇ باغرى پارە قۇلىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى بىرمۇ - بىر بايان قىل! ئەگەر خىسراۋ ماڭا ھىلە - مىكىرلەر بىلەن بۇنداق جەۋرلەرنى يەتكۈزمىگىنىدە، رەسمى مەردانە ئېلىشىدىغان بولسا ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشىم تەس ئەمەس ئىدى. بۇ سۆزلەرنىمۇ بېرىپ ئېيت، يەنە بەھرام دەپ بىر كۆڭۈلدىشىم، يېقىن دوستۇم بار، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ئۇ كۆپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، خىسراۋدىن مېنىڭ قېنىمنى تەلەپ قىلىپ ئالسۇن. ئەگەر خاقان ئاۋارىسىنىڭ بۇنداق بولغىنىنى ئاڭلىسا، تەختى بەختىنى پارە - پارە قىلىپ، خانىمانىنى تەرك ئېتىشى مۇمكىن. سەن ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرگىن. تەقدىرگە ھېچ چارە يوقتۇر، ئۇلار قازاغا بوي سۇنۇپ مەندەك ئاۋارە قولىدىن رازى بولسۇن. ئانام ئاڭلاپ چېچىنى يېيىپ «قوزام» دەپ نالە قىلغانىدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئېيتقىنكى: ئۇ مەندىن رازى بولسۇن. يەنە ۋەزىر مۇلك ئاراغىمۇ ئېيتقىن، ئۇمۇ مەندىن رازى بولسۇن. ئەي سابا! ئۇلارغا غېرىبلىقتا بېشىمغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقىن، ھەممە - ھەيلەن مەندىن رازى بولسۇن — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى-دە، كۆزىنى يۇمۇپ ھەققە جان تەسلىم قىلدى.

پەرھاتنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ ئالەم لەرزىگە كەلدى. ۋە ھەممە ھايۋانلار پەرھاتنىڭ جانان كويىدا جان بەرگىنىنى، يىغلاپ نالە قىلىشىنى ئاڭلاپ، مەككار دەللىنى تۇتۇپ بىر تامچە قېنىنى يەرگە ئاقتۇزماي پارچە - پارچە قىلىپ يېدى. شۇ تاغدىكى بارلىق چەررەندە - پەررەندىلەر پەرھاتنىڭ جەسىدىنى ئەتراپىدىن يىراققا كەتمەي ئۇنى ساقلاپ ياتتى.

× × ×

Altunoq

بۇ چاغدا شاپۇر خىسراۋنىڭ قولىدا سولاغلىق ئىدى. دەل شۇ كۈنلەردە خىسراۋ ئۆز ھالى بىلەن قېلىپ ئۇنى بىر شىراق قويغاچقا ئۇ قېچىپ چىقىپ پەرھاتنى كۆرمەكچى بولۇپ تاققا باردى ۋە پەرھاتنىڭ قېشىغا كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ چۆردىسىدە ياتقان شىر، يولۋاسلارنى كۆرۈپ، ئاستا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ يىراقتىن قارىغان ئىدى، پەرھاتنىڭ ھاياتلىغىنىڭ نىشانىسىنى تاپالمىدى. دەپنە قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ چۆردەپ ياتقان شىر، يولۋاسلاردىن قورقۇپ، يېقىن بارالمىدى. شۇڭا شاپۇر يىراقتا تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ، زار - زار يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى خۇددى باھار بۇلۇتىدىن يامغۇر قۇيۇلغاندەك تۆكۈلدى. شاپۇر قايتىپ بېرىپ خالايىققا خەۋەر بەردى. ئۇلار كۆپ پەرىشان بولدى. بۇ خەۋەر مەھىنبانۇ بىلەن شىرىنىمۇ ئاڭلىغاچقا، مىھىنبانۇ گويا ئۆز پەرزەندىگە قارىلىق تۇتقاندەك قايغۇردى. شىرىن باغرىنى پارە - پارە قىلىپ، دەريا - دەريا ياش تۆكۈپ، تاماقتىن قالدى. پەرھاتنىڭ پىراق ئەلىمىدە جىسمى زەئىپلىشىپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

بۇ چاغدا خىسراۋنىڭ ھاۋايى ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، مەھىنبانۇغا ئەلچى كىرگۈزدى. شەھەر خەلقى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ مىھىنبانۇغا قاتتىقلىق بىلەن:

— ئەگەر پەرھات تىرىك بولغاندا ئىدى، ھەرگىز خىسراۋنى خالىماس ئىدۇق. دوستلىرىدىن كېتىپ بولدى، ئەمدى پايدىسى يوق. خىسراۋدەك نەسەپلىك پادىشا بۇنداق سۆزلەرنى ئەيتقاندا ئۇنىڭغا ئۇنىمىساق كېيىنگە ئۇنىمايمىز. ئاقىۋەت ئۇ بۇ شەھەرنى قامال قىلىپ ئالىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمانغا قالىمىز، پايدا بەرمەيدۇ. ئۇ شۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى قوبۇل قىلايلى، ئۇنىڭ سوزىنى ئۆزىمىزگە پەخىر ئابروي بىلەيلى، — دېيىشتى. مەھىنبانۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئىلاجىسىز قېلىپ، شىرىننىڭ قېشىغا كىرىپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئەيتتى. شىرىن يىغلاپ چىقىپ، ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىل، مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىز يامان سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭىز، شەھەر خەلقىمۇ مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىككە قالدى. كىشىلەر خانىۋەيران بولدى. مېنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق سۆزۈم يوق. قانداق خالىساڭلار شۇنداق بولسۇن. بۇچاققىچە مېنىڭ رايىمغا قاراپ ئىش قىلدىڭلار. ئەمدى ئۆز رايىڭلارچە ئىش قىلىڭلار. مەن پەرھاتنىڭ پىراقىدا ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم. ھەركىم مېنى ئىختىيار قىلسا ئۇ مەندىن قۇرۇق قالىدۇ، دېدى-دە، «پەرھات» دەپ بىخۇت بولۇپ يىقىلدى. مەھىنبانۇ شىرىننىڭ قېشىدىن چىقىپ ئەمىرلەرنى يىغىپ بۇ سۆزنى ئارىغا سالدى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى. مەھىنبانۇ خىسراۋنىڭ ئەلچىسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— پادىشانىڭ سۆزلىرى بىزگە پەخىر ۋە ئابروي ئىدى. نادانلىقىمىزدىن بىز ئۇنى قوبۇل كورمىدۇق، ئەگەر پادىشا شۇ گۇناھىمىزدىن ئۆتسە، ھەممىمىز ئۇنىڭغا قۇل بولىمىز. شىرىنمۇ پادىشانىڭ كېنىزىگى بولىدۇ. پادىشاغا يەنە بىر ئەرزىمىز شۇكى: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەلق شەھەر ئىچىدىن سىرتقا چىقالماي شەھەرنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ، شۇ سەۋەبتىن

شىرىنگە ئازغىنا كېسەل يۈزلەندى. تىۋىپلار "ئەگەر خوش هاۋا يەردە تەربىيەت قىلسا ساقىيىدۇ" دەيدۇ. ئەگەر پادىشا گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلىپ شەھەر سىرتىغا ـ سەھراغا چىقىشقا رۇخسەت قىلسا، ئۇنى بىر نەچچە كۈن خوش هاۋا يەردە تەربىيەت قىلساق، خەلقلەرگىمۇ سەھراغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنسا ـ دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەلچى بۇ سۆزنى خىسراۋغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ تەلەپنى خوشاللىق بىلەن ماقۇل كۆردى. چۈنكى خىسراۋ شىرىننى كۈچ بىلەن ئالالماي تەڭلىكتە قالغان ئىدى.

شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. مىھىنبانۇ بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن خىسراۋ قېشىغا چىقتى. خىسراۋ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ياندۇردى. ئەتىسى خىسراۋمۇ شەھەرگە كىرىپ مىھىنبانۇغا مېھمان بولدى. شەھەرگە قامىلىپ قالغان خەلقلەر شەھەردىن چىقىپ ئۆز جايلىرىغا ياندى

× × ×

شىرىننىڭ زەئىپلىكى بارغانسىرى زىيادىلىشىۋاتاتتى. خىسراۋ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شىرىننى "قەيەر خۇش هاۋالىق بولسا، شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ تەربىيەت قىلىنسۇن" دەپ بۇيرىدى. ئۇلار شىرىننىڭ پەرهات سۇ چىقارغان يەرنى ئىختىيار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا خىسراۋ رەشىك قىلىپ خاپا بولغان بولسىمۇ نائىلاج رازىلىق بەردى. مىھىنبانۇ شىرىننى مەپىگە سېلىپ پەرهات سۇ چىقارغان ئوردىغا ئېلىپ باردى. ئۇ جايدا خىسراۋنىڭ كىشىلىرى شىرىننىڭ مەپىسىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرۇيەمۇ بار ئىدى. ئۇ مەپىگە قاراپ تۇرغاندا بىر شامال كېلىپ مەپىنىڭ ئېتىكىنى كۆتىرىۋەتتى. شىرۇيەنىڭ كۆزى شىرىننىڭ جامالىغا چۈشۈپ قالدى. ئىشىق ئوقى شىرۇيەنىڭ كۆكسىگە بېرىپ تەگدى. مەپىنىڭ ئېتىكى يېپىلدى. شىرۇيە مەپىنىڭ كەينىدىن ئوردىغىچە يۈگۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ گۈزەل يۈزنى قايتا كۆرەلمەي ناھايىتى بىئارام ۋە بىتاقەت بولۇپ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەتتى. شۇندىن تارتىپ ئۇ ياكى كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى، ياكى كۈندۈزى ئارام تاپالمىدى. شۇڭا ئۇ خىيالغا چۈشۈپ: "ئاتام هايات تۇرۇپ شىرىن ماڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ. ئاتامنى يوقاتقاندىلا تەخت بىلەن شىرىن مېنىڭ بولىدۇ" دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى ۋەدىلەر بىلەن يېنىغا تارتىپ بىرلەشتى ۋە ئاتىسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەھدۇ پەيمان قىلىشتى.

خىسراۋنىڭ زالىملىقىدىن نارازى بولغان بۇ ئەمىرلەر شىرۇيە بىلەن ئاسانلا بىرلىككە كەلدى. ئۇلار بىرلىشىپ شۇ كېچىسىلا خىسراۋنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. ئەمما بەزىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش پىكرىدە بولسا بەزىلەر ئۇنى زىنداندا ساقلاش پىكرىدە بولدى. شىرۇيەگە مۇھەببەت ئوتى تەسىر قىلىپ كۆڭلىنى بىقارار قىلغان ئىدى. ئىشىق ئوتى ۋە پىراق دەردى شىرۇيەنى ئالدىراتتى. ئۇ ئاتىسىنى هايات ساقلاشنى خالىمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ "يەنە بىر نەچچە كىشى بىلەن بىرلىشىپ زىنداندىن قۇتۇلۇپ كېتىشى ۋە ئۆزىگە هالاكەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن" لىكىدىن قورقتى. ئۇ دەرهال قولىغا شەمشەر ئېلىپ زىندانغا كىرىپ

ئاتىسىنىڭ بېشىنى كەستى. بۇ پەرھاتنىڭ كارامىتى ئىدى. خىسراۋ ئۆز جىگەر پارىسىنىڭ قولىدىن ئەنە شۇنداق زۇلۇم كۆردى.

× × ×

شىرويە بارگاھقا بېرىپ ئۆز نامىغا ناغرا چالدۇردى. ئاتىسىنىڭ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇردى. خالايىق ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ ئۇنىڭ پەرمانىغا كىردى. ئۇ بەزلەرنى مەنسەپ بېرىپ ئۆستۈردى. شۇ يوسۇندا بىر نەچچە كۈن تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مېھىنبانوغا ئەلچى كىرگۈزۈپ شىرىن توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى. مېھىنبانو " شىرىننىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلۈشۈڭلار " دەپ ئەلچىنى ئادەم قوشۇپ شىرىننىڭ قېشىغا كىرگۈزدى. ئەلچى شىرىنگە شىرويەنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزدى. شىرىن ئەلچىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن :

— مېنىڭ بىر سۆزۈم بار. ئەگەر پادىشا بۇ سۆزۈمنى قوبۇل قىلسا مەنمۇ پادىشانىڭ سۆزىنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىمەن، سۆزۈم شۇكى : پەرھاتتەك مۇھەببەت يولىدا سادىق، خىزمەت كەمەرىگە لايىق مەھبۇبىمنىڭ هايات مۇۋىسىنى خىسراۋ جەۋرۇ ــ جاپا بىلەن بەربات قىلدى. ئۇ غەمكىن ئاشىقىم مېنىڭ دەردىمدە جان بەردى. ئەگەر پادىشا رۇخسەت بەرسە، ئۇ ئىخلاسمەن ئاشىقىمنىڭ جەسەدىنى ئەكەلدۈرۈپ ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن ماتەم تۇتۇپ دەپنە قىلدۇرسام، ئاندىن كېيىن شىرويەنىڭ دېسە شۇنداق قىلسام، ئەگەر پادىشا ماقۇل كۆرسە شاپۇرنى مېنىڭ قېشىمغا ئىۋەتسە، ئادەم قوشۇپ ئىۋەتىپ جەسەدنى ئەكەلدۈرۈپ دەپنە قىلدۇرسام، ئەگەر پادىشا بۇ سۆزلەرنى ماقۇل كۆرمىسە مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزسۇن، مېنى ئىرىك تاپالمايدۇ. مېنىڭ ئاغرىقىمنىڭ سەۋىبى ئەشۇ. پەرھاتنىڭ جەسەدى كەلتۈرۈلگەن هامان سەھەت تاپىمەن ــ دەپ ئۇچۇر قايتۇردى. ئەلچى قايتىپ بېرىپ بۇ سۆزلەرنى شىرويەگە يەتكۈزدى. شىرويە بۇنىڭغا رازى بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ شاپۇرنى شىرىن قېشىغا ئىۋەتتى. شىرىن شاپۇر بىلەن كۆرۈشتى. بۇلار بىر ــ بىرىنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلىپ نالە ــ زار قىلىشتى ۋە دەردى ئەھۋاللىرىنى تۆكۈشتى. ئاندىن كېيىن شىرىن شاپۇرغا ئادەم قوشۇپ پەرھاتنىڭ جەسەدىنى ئېلىپ كېلىشكە ئىۋەتتى. جەسەتنى ۋەھشى هايۋانلار چۆرىدەپ ساقلاپ ياتاتتى. شاپۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى كۆرۈپ ئۇلار يىراق كەتتى. شاپۇر يىقىلىپ پەرھاتنىڭ ئاياقلىرىغا سۆيدى. ھەممەيلەن يىغا ــ زارە قىلىشىپ پەرھاتنىڭ جەسەدىگە يوپۇق يېپىپ، بەدەنلىرىگە خۇشبۇي گۈلاپلارنى سېپىپ، خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن ئىسرىق سېلىپ، ساندۇققا سالدى ۋە تۆگە ئۈستىگە قويۇپ تۆپىسىگە ئېسىل يوپۇقلارنى يېپىپ يولغا چۈشتى، تۆگىنىڭ ئاغامچىسىنى شاپۇر ئۆز بوينىغا باغلاپ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. شەھەردىكى خەلقلەر جەسەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ هازا تۇتۇپ يىغلاشتى. پەرھاتنىڭ جەسەدى شىرىننىڭ ئوردىسىغا كەلتۈرۈلدى. شىرىن ئۆز ئوردىسىنى ياساپ جابدۇپ، پەرھات ئۈچۈنمۇ بىر ساراي ياسىتىپ قويغان ئىدى. پەرھاتنىڭ جەسەدىنى ئەنە شۇ سارايغا چۈشۈردى. ئۇ يەرگە مېھىنبانو باشلىق بارلىق خەلق يىغىلغان ئىدى. شۇ چاغدا شىرىن مېھىنبانو قېشىغا كىرىپ :

— ئى قېرىنداشلىرىم! مېنىڭ سىزگە ئەرزىم شۇكى: مەن بىچارىگە ئاچايىپ بىر مېھ-
مان كەلدى. مەن ئۇ مېھماننىڭ قەدىمىگە جېنىمنى نىسار قىلىمەن. ئۇ مېھمان مېنى ئۆل-
دى، دەپ ئاڭلاپ مېنىڭ يادىمدا جان بەرگەن تۇرسا، مەن بۇ ئەھۋالنى كۆزۈم بىلەن كۆ-
رۈپ تۇرۇپ نىمىشقا جان پىدا قىلمايمەن؟ ئۇ ئاشىقلىق يولىدا ساداقەت كۆرسەتتى، مەن
ئۇنىڭ ئىشقىدا لاپ ئۇراتتىم. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەن ھەم سادا قەت كۆر-
سىتىشىم كېرەك. مەندىن سىزگە بەكمۇ تولا ئەلەملەر يەتتى. مەندىن رازى بولۇڭ، مەن
مېھمىنىمنىڭ قېشىدا يالغۇز كىرىمەن. بۇ يەرگە باشقا ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ سۆزىنى
تۈگەتتى-دە، مېھىنبانۇ بىلەن خۇشلۇشۇپ پەرھاتنىڭ جەسىدى قويۇلغان ئۆيگە كىرىپ
ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى. بېرىپ جەسەت قويۇلغان ساندۇقنى ئاچتى ۋە پەرھاتنى پىراق
مېھنىتىدە بىخۇت بولۇپ ياتقان ھالدا كۆردى. شىرىن ئاھ تارتىپ پەرھاتنىڭ قۇچىقىغا
كىرىپ، گويا كى تالىغا ھەشقىپىچەك چىرماشقاندەك مەھكەم چىرماشتى-دە، ئاھ ئۇرۇپ
جان بەردى.

مېھىنبانۇ كىشىلەر بىلەن ئىشىك تۈۋىدە مۇنتەزىر بولۇپ تۇراتتى، شىرىن چىقمى-
غاندىن كېيىن ئىشىكنى قاقتى، ئىچىدىن ئاۋاز كەلمىدى. ئۇلار ئىشىكنى قومۇرۇپ ئۆي-
گە كىرىشىپ، شىرىننىڭمۇ ئاشىقلىقتا سادا قەت كۆرسىتىپ، پەرھاتنىڭ قۇچىقىدا جان
بەرگەنلىگىنى كۆرۈشتى. ئۇلار يىغا-زارە بىلەن چىقىپ ۋەقەنى مېھىنبانۇغا ئېيتتى.
مېھىنبانۇمۇ بۇ ئىككى سادا قەتلىك ئاشىقنىڭ ئەھۋالىغا ئىچى كۆيۈپ نالە قىلىپ بىر ئاھ
بىلەن جان بەردى. خەلق ئىچىدە پەريادۇ-پىغان كۆتۈرۈلدى. گويا قىيامەت بولغان-
دەك بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇلارنى دەپنە قىلىشتى.

× ×

ئۇ چاغلاردا پەرھاتنىڭ ئاتا-ئانىسى دۇنيادىن ئۆتكەن ئىدى. خاقاننىڭ ئورنى-
دا ئۇنىڭ ئىنىسى خاقان بولۇپ ئاكىسىغا تەۋە ئون ئىككى مىڭ شەھەرنى ئىدارە قىلىشقا كىر-
گۈزدى. بەھرام ۋەزىر ئىدى. بەھرام پەرھاتنى ئويلاپ كۆپ قايغۇراتتى، ئۇ ھەر يەرەپ-
تىن كەلگەن مۇساپىر ۋە مۇھاجىرلاردىن پەرھاتنىڭ خەۋىرىنى سوراپتتى. ئۇ پەرھات-
نىڭ ئەرمەنىستاندا ئىشىق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خاقانغا:

— ماڭا لەشكەر بەرسىڭىز، بېرىپ پەرھاتنى تاپسام ياكى ئۆلۈك تىرىكلىگىدىن بىر
خەۋەر ئۇقۇپ كەلسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. خاقان بەھرامىدىن سەل ئەندىشە قىلاتت-
تى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە «پەرھاتنىڭ ئارقىسى-
دىن بېرىپ بۇمۇ يوقۇلۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن لەشكەر
ئاجرىتىپ بەردى. بەھرام بۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ ئەرمەنىستانغا كەلدى. ئۇ سۈرۈش-
تۈرۈپ بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى ۋە ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ، پەرھاتنىڭ
قەۋرىسى بېشىغا كەلدى. ئۇ شەھەر گورنى ئاچتۇرۇپ پەرھاتنى كۆردى ۋە پەرھاتنىڭ ئا-
يىغىغا كۆزىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەملەرنى قوشاق قوشۇپ نا-
ھايىتى كۆپ يىغلىدى. ئۇندىن چىقىپ شىرويەگە:

— قېشىمغا كېلىپ پەرھاتنىڭ جاۋابىنى بەرسۇن. ئەگەر گۇناھى بولمىسا، بىگۇنالىغىنى ئىسپاتلىسۇن — دەپ ئادەم ئەۋەتتى. شىرويە «شاپۇرنى ئىۋەتسىلە، خىزمەتلىرىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسام» — دەپ ئۇچۇر ئەۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا بەھرام شاپۇرنىڭ پەرھاتقا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز ھوزورىدا كۆپ ئىززەت — ئىكرام قىلماقتا ئىدى. بەھرام شاپۇردىن پەرھاتنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن ئىدى. بەھرام شاپۇرنى شىرويە قېشىغا ئەۋەتتى. شىرويە بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شاپۇرغا:

مەن پەرھادنىڭ قېنى ئۈچۈن يۈز خاتىرە قىلماي ئۆز ئاتامنى ئۆلتۈردۈم. بۇنىڭغا سىز گۇۋا بولۇڭ. مېنىڭ گۇناھىم يوق، مەن تەبىخى شاھ بەھرامغا ئۇرغۇن خىزمەت قىلىپ بېرىمەن، مېنىڭ گۇناسىزلىغىمنى شاھ بەھرامغا ئېيتىڭ، مېنى ئۇنىڭدىن تىلىۋېلىڭ، سىزنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا خۇدايىتائالا سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن — دەپ يالۋۇردى. شاپۇر ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، بەھرامدىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى. بەھرام شىرويەنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ۋە:

— خىسراۋ بۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ قانچىلىك زىيان سالغان بولسا، ھەممىسىنى شىرويە تۆلەپ بەرسۇن، دەپ بۇيرىدى.

شىرويە خۇرسەن بولۇپ قولىدىكى بارلىق خەزىنىسىنى ئەۋەتتى. بەھرام بۇ پۇل-ماللارنى ئەرمەنىستان خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ مال-دۇنيانىڭ ھەممىسى سىزلەرگە پەرھاتنىڭ تۆپەيلىدىن يەتكەن زىيانغا بەدەل بولسۇن، بۇنى ئۆزۈڭلار بۆلۈشۈپ ئېلىڭلار — دېگەندە خەلق يىغلىشىپ: «بىز بۇ خەزىنىنى پەرھات ئۈچۈن نەزرە قىلدۇق» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئاخىرى ئەشۇ پۇللارنى سەرپ قىلىپ پەرھات بىلەن شىرىنگە مازارلار ياسىتىلدى، ۋەخپىلەر تەيىن قىلىندى. شىرويەگە قايتىشقا ئىجازەت قىلىندى، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن پۇل-مال ئىۋەتىشكە ۋەدە قىلىپ ياندى. ئەرمەنىستانغا مېھىنبانۇنىڭ ئەۋلادىدىن ئادەم تېپىپ پادىشالىققا قويۇلدى. شىرويە ئۆز مەملىكىتىدىن ئىۋەتكەن ھەددى-ھېساپسىز پۇل ۋە ماللارمۇ ۋەخپەگە ئىشلىتىلدى. شۇندىن كېيىن بەھرام ئۆز لەشكەرلىرىگە ۋەتەنگە قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار قايتىپ كەتتى. بەھرام ئۆزى سەلتەنەتنى تاشلاپ، ھەقىقەت يولىغا كىرىپ، شاپۇر بىلەن بىرلىكتە پەرھاتنىڭ مازىرىدا شەيخ بولۇپ ئولتۇردى. كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

× ×

شۇ زاماندا ئەرمەنىستان دىيارىدا قىرىق نەپەر سالىھ كىشى بار بولۇپ، بىر كېچىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان مۇنداق چۈش كۆردى:

«ئەنبەر پۇراقلىق بېھىشتە، بىر ئالىي ئىمارەت ئىچىدە نۇردىن يارالغان بىر تەخت تۇرغانمىش. ئۇ تەخت ئۈستىدە پەرھات بىلەن شىرىن ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئولتۇرارمىش. ئۇلارنىڭ قولىدا شارابى ئەنتەھۇر تولدۇرۇلغان ئالتۇن پىيالە-

(ئاخىرى 124 ـ بەتتە)

# دىۋىنىڭ ئۆزگىرىشى

(چۆچەك)

## ئوسكار ۋىلدې (ئەنگلىيە)

بۇرۇنقى زاماندا بىر دىۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كاتتا بىر بېغى بار ئىكەن. بۇ باغ ئىنتايىن مەنزىرىلىك بولغاچقا، دىۋە يىراقلارغا كەتكەن چاغلاردا، شۇ ئەتراپتىكى باللار بۇ باققا كىلىپ ئوينايدىكەن. باغ ئىچى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، باغنىڭ ھەممە يېرىدە باھاردىن باشلاپ، تاكى كەچكۈز كىچە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، تۈرلۈك مىۋىلەر مەيدەك پىشىپ، تۆكمە بولۇپ تۇرىدىكەن. خىلمۇ - خىل خوشئاۋاز قۇشلار مىۋىلىك دەرەخلەرگە قونۇپ، يېقىملىق سايرايدىكەن. باللار گۈللەرنى يۇلۇپ، مىۋىلەرنى يەپ، قۇشلارنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولۇپ، سەكرىشىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى يىراققا كەتكەن دىۋە، قايتىپ كىلىپ قارىسا، نۇرغۇن باللار باغ ئىچىدە ئويناۋاتقىدەك. بۇنى كۆرگەن دىۋىنىڭ ئىنتايىن ئاچچىغى كىلىپ: ھەي! بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىشىسەن؟! - دەپ كۈچىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپتۇ. دىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باللار قورققىنىدىن يۈگۈرۈشۈپ باغدىن چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋە ئاچچىغىنى باسالماي: " بۇ مېنىڭ بېغىم! مېنىڭ بېغىم! ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ يەرگە كىلىپ ئوينۇشىغا يول قويماي-مەن! " - دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ باغنىڭ تېمىنى تېخىمۇ ئىگىزلىتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، قىش كېتىپ، باھار كەپتۇ. ھەممە جايلاردا مىۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەپ، گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايراپتۇ. پەقەت دىۋىنىڭ بېغىلا زىمىستان قىش ھالىتىدە تۇرۇپتۇ. مىۋىلەر چېچەكلىمەپتۇ. گۈللەر ئېچىلماپتۇ، قۇشلار سايرىماپتۇ. باللارمۇ كەلمەپتۇ. گويا باھار بۇ باغنى بىزەشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بولۇپتۇ. جىمى ئەتراپ باھارنىڭ يېشىل تونلىرىنى كىيىپ، باھار گۈللىرىنى قۇلاقلىرىغا قىسىپ ھايات پەيزىنى سۈرسە، بۇ باغ ئەكسىچە تېخىمۇ سوۋۇپ، ئۈستىنى قار - مۇزلار قاپلاپ كېتىپتۇ.

دىۋە بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ھەيران قىلىپ، ئۆز - ئۆزىگە " باھار بۇ باغنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ " - دەپتۇ. شۇ يىلى بۇ باغقا "باھار كۈلۈپمۇ قويماپتۇ، ياز ئەسلى قاراپمۇ قويماپتۇ" شۇنىڭ ئۈچۈن دىۋە شەرق شامىلىنىڭ بالدۇرراق كىلىپ، قار - مۇزلارنى ئېرىتىشنى تىلەپتۇ.



" مەن ھېچ چۈشەنمەدىم، دەپ ئويلاپتۇ دىۋە، ـ نېمە ئۈچۈن بۇ يىل بۇ باققا باھار كەلمەيدىغاندۇ؟ » ئۇ، ئىچى تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئۆي دېرىزىسىنىڭ تاكچىسىغا چىقىپ، زىمىستان ھۆكۈم سۈرگەن بېغىغا سوغۇق قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆز ئالدىدا پۈتۈن باققا قارلار توشۇپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن دىۋە ھاۋانىڭ تېزراق ئۆزگىرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپتۇ. بىراق، ھەر قانچە كۈتسىمۇ بۇ باققا باھار بىلەن ياز زادى كەلمەپتۇ. باشقا باغلاردا بولسا گۈللەر ئېچىلىپ، مېۋىلەر پىشىپ تۆكمە بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن دىۋىنىڭ بېغىدا بىر تۈپ گىيامۇ ئۈنمەپتۇ.

بىر كۈنى دىۋە ئىشىكى ئالدىدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان ئىكەن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر ئايال ئۇنىڭغا: " سەن بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنسەن. شۇنداق بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا بۇ باغدا قىش ھۆكۈم سۈرىدۇ. سېنىڭ ھەسرەت چەككىنىڭ چەككەن » دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە: " راست، شۇڭا بېغىمغا باھار تۈگەل شەرق شامىلىمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. يەنىلا قارلار يېغىپ زىمىستان ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ » ـ دەپتۇ. قانداق قىلغان بىلەنمۇ، تىلىگەن بىلەنمۇ شۇ يىلى دىۋىنىڭ بېغىغا باھار ـ ياز كېلىش تۈگەل سىڭا بېقىپ بولسىمۇ قاراپ قويماپتۇ.

ئىككىنچى يىلى باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى دىۋە ئۈزۈن ئورۇندۇقتا يېتىپ خىيال سۈرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز باغنىڭ ئىچىدىن ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. بۇ كىچىك باللارنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، باغقا قارىسا، باغنىڭ ئىچىدە، ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدا قۇشلار يېقىملىق سايراۋاتقىدەك، شەرق شامىلىمۇ چىقىۋاتقۇدەك. باھارنىڭ خۇشپۇراق ھاۋاسى دىۋە ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىنى سېزىپتۇ. باھارنىڭ ئاخىرى بۇ باققىمۇ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. ئۇ باققا قاراپ: " بۇ نېمە ئىش؟ » ـ دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. دېمىسىمۇ بۇ جاي نېمە دېگەن گۈزەل رەسىمگە ئوخشاپ كەتكەن ـ ھە؟ بىر " قارا ئۆڭكۈر » باللارنىڭ كېلىپ ئوينىشى بىلەن نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك دۇنياغا ئايلانغان ـ ھە؟ پۈتۈن گۈللەر ئېچىلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ چېچەكلەپتۇ. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىمۇ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ئەۋرىشىم يەلپۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىلىرىگە باللارنىڭ چىقىپ ئويناۋاتقانلىقىنى سەزگەن مۆۋە كۆچەتلىرى تېخىمۇ چېچەكلەپ كېتىپتۇ. مېۋىلىك دەرەخ چېچەكلىرىنىڭ ۋە رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن دىۋە، خوشاللىقتىن قىن – قىنىغا پاتماي قاپتۇ. باغ ياپ ـ يېشىللىققا پۈركۈنۈپتۇ. مانا بۇ ـ تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەسلى ـ باھار مەنزىرىسى ئەمەسمۇ؟ بۇ باغ بىر مەزگىل چېچەك ئاچمىغان، گۈللەر كۈلمىگەن، باھار ۋە يازنىڭ كۆزى چۈشمىگەن جاي ئەمەسمىدى؟ قىشنىڭچە ئۈستىدىن قار ـ مۇزلارنىڭ سوغۇق تونى چۈشمىگەن دەرەخلەر، مۇشۇنداق گۈللەپ ـ ياشناشنى نەقەدەر زارىقىپ كۈتكەن ـ ھە؟ دىۋە مۇشۇلارنى ئويلاپ كىچىك باللارنىڭ توۋلىشىپ، سەكرىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبى ئاجايىپ شاتلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ: " راست، مەن بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنمەن. مەن ئەندى چۈشەندىم. مېنىڭ بېغىمغا باھار ۋە يازنىڭ كەلمەسلىكى، بۇ يەردە باللار ـ

نى ئويناشلى، قۇشلارنى سايرىتىشلى قويمىغانلىقىمدا ئىكەن.» دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ دىۋە باغنىڭ ئىشىگىنى داۋاملىق ئوچۇق قويىدىغان، باللارمۇ باقـقا ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ ئوينايدىغان بوپتۇ. بۇرۇن باللار دىۋىدىن بەك قورقىدىكەن، ئۇنى كۆرسە قېچىپ كېتىدىكەن. ئەندى بولسا ئۇنىڭدىن قاچمايدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن دىۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، كۆزىدىن خېجىلـلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپتۇ. باللارنىڭ مىۋىلىك دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرـگەندە، ھېچنىمىنى كۆرمىگەندەك ئاستا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئاۋايـلاپ يۆلەپ قويىدىغان بوپتۇ.

بۇ باغدا زىمىستان ـ سوغۇق بولمايدىغان، گۈللەر قىشى ـ يازى ئېچىلىپ تۇرىدىغان، قۇشلار داۋاملىق سايراپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بىر توپ باللار ھەركۈنى باققا كېلىپ، دىۋىنىڭ بويۇنـلىرىغا مىنىپ ئوينايدىغان، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ چۆرىسىدىن كەتمەيدىغان، دىۋىنى ئارىغا ئېلىپ ئۆز كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. باھار بۇ باققا ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى دىۋە سۆز قىلىپ: " باللار، بۇ باغ ھازىردىن باشلاپ سىلەرنىڭكى » دەپـتۇ ـ دە، قولىغا يوغان پالتىنى ئېلىپ، ئۆزى ئىگىزلىگەن تامدىن باشلاپ ھەممە يېرىنى چېقىپ تاشلاپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ باغ باللارنىڭ ئۆز ئۆيىدەك كۆڭۈللۈك سەيلە ـ گاھ بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوش ۋاقىتلىرىنى دىۋە بىلەن بۇ باغدا ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى دىۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا يېتىپ، خوشال ـ خورام ئويناۋاتقـان باللارغا زوقلىنىپ قاراپ: " مېنىڭ بۇ بېغىمدا نۇرغۇن گۈزەل گۈللىرىم بار. لېكىن ھەمـمىدىن گۈزەل، ھەممىدىن خۇشپۇراق گۈللىرىم كىچىك باللار ئىكەن» دەپتۇ.

(ئېنگلىزچىدىن: غېنى ئەمەت تەرجىمىسى)

(بېشى 121 ـ بەتتە)

لەر بولۇپ ئۇنى بىر ـ بىرىگە تۇتۇشارمىش . بۇ ئالى ئىمارەتنىڭ بىر تەرىپىدە مېھمـانىۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى تۇرغان ئىمىش . ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئالتۇن كەمەرـلىك غۇلاملار ۋە كۈمۈش بەدەنلىك كېنىزەكلەر ئوراپ ئالغانمىش. چۈش كۆرگۈچىلەر ئۇـلارنىڭ شۇنداق شانۇ ـ شەۋكىتىنى كۆرۈپ :

ـــ بۇلار قايسى تائەت ـ ئىبادەتنىڭ سەۋەبىدىن مۇنداق دەرىجە تاپتى؟ ـ دەپ سوـرىغاندا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

ـــ بۇلارنىڭ تائەتلىرى شۇكى : مەجازى ئىشـقتا ئالەمگە غەۋغا سالدى . شۆھرىتى ئالەمگە تولدى . ئەمما مۇرادىغا يەتمەستىـن پاكلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . بۇلارنىڭ پاكلىقىدىن ھەقتائالا بۇلارغا مانا شۇنداق مەرتىۋە ئاتا قىلدى ـ دىگەنىمىش.

ئۇ قىرىق كىشى ئۇيقىسىدىن ئويغۇنۇپ، ئەسلىسە ھەممىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئوخشاش چىقىپتۇ . ئۇلار چۈشىنى بايان قىلىشتى . خەلق بۇنىڭغا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇدى. ۋاللاھۇ ئەلەم بىسساۋاپ، ھېچكىشى ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەي قالماس.

(تۈگىدى)

# بېخىل

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېخىل ئۆتكەن بولۇپ باشقىلارغا بىر تىيىنلىق نەپ بەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە پەقەت ئايىلى بىلەن ئىككىسىلا بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى 4 نان ياقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ساھىل بۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بېخىل يوق ئىكەن، ئايىلى يېڭى ياققان ناندىن بىرنى ساھىلغا بىرىۋېتىپتۇ. كېيىن "بېخىل" ئۆيىگە كىرىپ تەكچىدىكى نانلارنى ساناپ كۆرسە ئۈچ چىقىپتۇ، يەنە ساناپتۇ، يەنە ئۈچ چىقىپتۇ. "توختا ئېزىپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئوچاقتىكى ناننىڭ ئىزنىسىنى ساناپ كۆرەي" دەپ ئويلىغان ئىدى ئوچاقتىكى ناننىڭ ئىزنىسىغا قەغەز چاپلاپ ساناپ كۆرۈپتۇ. قارىسا دەل 4 چىقىپتۇ. "مانا توپ-توغرا 4 نان" — دەپتۇ بېخىل خوشاللىنىپ. بىراق تەكچىدىكى نان يەنىلا ئۈچ.

— ھوي ئايال، بىر نان قېنى؟

ئايال قورققىنىدىن جىم تۇرىۋاپتۇ.

— قېنى دەيمەن، بىر زاغرا قېنى؟ تېز ئېيتساڭچۇ؟

ئېرىدىن ھېچقانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنى بىلەلمىگەن ئايال ئاخىرى راستىنى ئېيتىپتۇ.

— ھە، قېنى ئۇ دىۋانە؟ — دەپتۇ بېخىل، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ساھىلنىڭ كەينىدىن قوغلاپ.

بېخىلنىڭ ئۆيىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر چوڭ دەريا بولۇپ ساھىل ئاللىقاچان، بۇ دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. بېخىل ساھىلنى تېزدىن تۇتۇۋېلىپ نانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي، دەريادىن كېچىپ ئۆتمەكچى بوپتۇ-دە، دەرياغا سەكرەپتۇ. لېكىن دەريانىڭ ئۇلۇغ ئېقىنى بېخىلنى چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بېخىل جان ئۈزەر ۋاقتىدا "ئاھ! ئەجەپمۇ زاغرىتى" دەپتۇ-دە، كۆز يۇمۇپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى بېلىقلارغا يەم بولۇپ تۈگەپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا 13-كەنت 1-مەھەللىدىن نەمەت ئابلا

خاتىرىلەپ يازغۇچى ۋە رەتلىگۈچى: قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم مەكتىۋى چارۋىچىلىق كەسپى سىنىپىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان: مەمتىمىن ئابلا

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

ئاتا ـ ئاناڭنى مۆرەڭدە كۆتەرسەڭ، سىڭلىڭنى بېشىڭدا كۆتەر.

△ بىچارىگە رەھىم ئەيلىسەڭ، چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي.

△ ھەسرەت سۆزىدىن بىلىنەر، مۇھەببەت كۆزىدىن (بىلىنەر)

△ يېڭىنى كۆرۈپ كونىنى ئۇنۇتما، ئىچىڭگە تىنىپ قان ـ يىرىڭ يۇتما.

△ قېرىندىشىم ئۆلسە ئۆلسۇن، قەدىردانىم ئۆلمىسۇن.

△ ئىچى يامانىنىڭ قازىنى قايناماس، قاينىغاندىمۇ زادى قويۇلماس.

△ قوچقار بولىدىغان قوزىنىڭ پېشانىسى دۆڭ بولۇر.

ئالىم بولىدىغان يىگىتنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇر.

△ شېرىن سۆز يىلاننى ئىنىدىن چىقىرار، يامان سۆز مۇسۇلماننى دىنىدىن (چىقىرار)

△ قىزنى كىم سۆيمەيدۇ، قىمىزنى كىم ئىچمەيدۇ؟

△ تەڭ ـ تېگى بىلەن، كىيىم ـ كېچەك يېڭى بىلەن يارىشۇر

△ كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، دوختۇر ئۆزى ئىزلەپ كەپتۇ.

△ بولىدىغان ئىشنىڭ بېشىغا، ياخشى كېلۇر قىشىغا.

△ قارىغۇ تۇتقىنىنى قويمايدۇ، گاس ئاڭلىغانىنى.

△ قۇرۇق ياغاچنىڭ ئىگىلگىنى سۇنغىنى، مەرت يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.

△ كىچىكلەرگە نەزەر سالماق، ئۇلۇغلارنى قىلۇر ئارتۇق،

△ گۈل ـ ئەۋرەزگە چۈشۈپ كەتسىمۇ يەنىلا گۈلدۇر.

△ يادىڭدا بار چاغدا ئىشىڭنى ياپ.

△ ئاز ئاشقا ئىشتەي يوق.

△ ئاش ـ ئىگىسى بىلەن ھىمزىلىك.

△ قۇيرۇغى ئۇزۇن توشقان يامان كېلۇر.

△ ئولتۇرغان قىز ـ ئورۇن تاپار.

△ قېتىقىڭنى ساتساڭمۇ، قاچاڭنى ساتما.

كالاڭنى ساتساڭ سات، نوختاڭنى ساتما.

△ ئىككى سۆيگۈ بىر كۆڭۈلگە سىغماس.

△ تۇتقۇننىڭ تىلىگى تىرىك قىلىشتۇر.

△ قىز ساقلىغىچە، تۇز ساقلا.

△ ئالتۇنمۇ ئۆز جايىدا ئېزىز.

△ ئېشەكنىڭ كۈچى پاتقاقتا مەلۇم بولۇر.

(پەيزىۋات ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن يۈسۈپ ئۆمەر توپلىغان.)



شائىرلار ئۇچراشقاندا.

(سۈرەتنى: تۇردى مەتنىياز تارتقان)



«شەرق كۆلى» دىكى سەيلە.

(سۈرەتنى: مەتمەمىن زىبىبۇللا تارتقان)



ئۆي زىننەت بۇيۇملىرى

(سۈرەتنى: ئابدۇقادىر تارتقان)

قەشقەر ئەدەبىياتى (14 - يىل نەشرى)
《喀什噶尔文学》 （双月刊）

1985 - يىل 5 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0·41

ژورنال نومۇرى: 62 — 58
پارچە سېتىش باھاسى: 50 فۇڭ